دوكتور
راهىلە داۋۇت

# ئۇيغۇر مازارلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................ 1
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ........................ 1
جاي پەتچىم مازىرى ........................ 7
ھەبىبى ھەجەم مازىرى ........................ 9
مەھمۇد قەشقەرى مازىرى ........................ 11
يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرى ........................ 15
ئاپاق خوجا مازىرى ........................ 22
يۇسۇپ قادىرخان مازىرى ........................ 30
ئارسلانخان مازىرى ........................ 32
بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى ........................ 37
ئىمام رەببانى مازىرى ........................ 43
ئوردا پادىشاھىم مازىرى ........................ 45
چۆجە پادىشاھىم مازىرى ........................ 54
تېۋىز مازىرى ........................ 60
ھەزرىتى بەگ مازىرى ........................ 63
سۇلتان دەرىجە خېنىم مازىرى ........................ 65
سەرۋا زلىرىم مازىرى ........................ 67
قىزىل ئاياللىرىم مازىرى ........................ 70
ئالتۇنلۇق مازىرى ........................ 72
ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى ........................ 77
خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى ........................ 80
چىلتەن مازىرى ........................ 83
بەيسى ھېكىم بەگ مازىرى ........................ 89

سۇتپاشىم مازىرى ........................ 91
جاللات خېنىم مازىرى ........................ 93
خوجا مىلىك دۆڭ مازىرى ........................ 95
سۇلتانىم مازىرى ........................ 97
يۇسۇپ قادىرخان مازىرى ........................ 99
قاراخان بۇزرۇكۋار مازىرى ........................ 102
شەيدان مازىرى ........................ 104
ياسىدون مازىرى ........................ 106
زۇڭلاك مازىرى ........................ 107
ئاخۇنلۇقۇم مازىرى ........................ 111
چارباغ مازىرى ........................ 113
كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى ........................ 114
قىزىلجى مازىرى ........................ 116
شېھىتدۆڭ مازىرى ........................ 118
بەماغىلى مۇجات مازىرى ........................ 120
كۇھمارىم مازىرى ........................ 123
ئىمام ئاسىم مازىرى ........................ 126
ئۇجمە مازىرى ........................ 132
سىياۋۇش مازىرى ........................ 135
باغداد مازىرى ........................ 139
بۇيا مازىرى ........................ 140
قۇم رابات پادىشاھىم مازىرى ........................ 142
ئىمامى ئەپتەھ مازىرى ........................ 144
يالغۇز ئوغۇل مازىرى ........................ 146
ئىمامى ئەسكەر مازىرى ........................ 148
ئىمام جەئفىرى تېھران مازىرى ........................ 150
تۆت ئىمام مازىرى ........................ 155
ئىمام غەززالى مازىرى ........................ 157

ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرى ........ 158
قىرمىش ئاتام مازىرى ........ 161
تىلمىش ئاتام مازىرى ........ 166
سۇلتانىم مەھمۇد بۇزرۇكۋار قەدىمىي قەبرىگاھلىقى ........ 167
مەۋلانە مازىرى ........ 171
ھاجى خاراباتى مازىرى ........ 174
ئەختەم بۇزرۇكۋار مازىرى ........ 176
يەتتە قىزلىرىم مازىرى ........ 179
موللا شاكىر مازىرى ........ 181
توققۇز گۇمبەز مازىرى ........ 183
مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا مازىرى ........ 185
كۆك گۇمبەز مازىرى ........ 188
ئەركەش ۋەلىيۇللا مازىرى ........ 191
قاراچاچ مازىرى ........ 193
چاچى مازىرىم ........ 195
كۆنچى مازىرىم ........ 197
تاھىر - زۆھرە قەبرىسى ........ 199
تۇيۇق خوجام مازىرى ........ 201
سەيدىخان خوجام مازىرى ........ 210
خىزىر خوجا مازىرى ........ 215
شىھىت بۇزرۇكۋار خوجام مازىرى ........ 219
سۆگەل خوجام مازىرى ........ 221
خىنىم جاي مازىرى ........ 223
كۆنچى خوجام مازىرى ........ 225
ئانىجان خوجام مازىرى ........ 227
ئەلپەتتا خوجام مازىرى ........ 229
مۇرتۇق خوجام مازىرى ........ 236
يەتتە قىزلىرىم مازىرى ........ 238

قەيس خوجام مازىرى ........................ 240
تۇغلۇق مازار ........................ 244
قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى ........................ 246
يالغۇز تۇيۇم مازىرى ........................ 250
تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ........................ 253
سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى ........................ 257
خونخاي مازىرى ........................ 260
خوجا پىرىم قەدىمىي قەبرىگاھلىقى ........................ 263

# مۇقەددىمە

بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، بىر قانچە كەسپداشلىرىم بىلەن بېيجىڭدىكى مىياۋفېڭشەن تېغىغا تەكشۈرۈشكە باردىم. بۇ تاغ ئۈستىدە خەنزۇلارنىڭ بالا تەلەپ قىلىش ئىلاھى، بەخت ئىلاھى قاتارلىق بىر قانچە ئىلاھىنىڭ بۇتى بار بولۇپ، قەدىمدىن بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جايلارنىڭ دىنىي مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن. ھەر يىلى 5 - ئاي مەزگىللىرىدە، كىشىلەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بۇ يەرگە تاۋاپقا كېلىدۇ، جاپالىق تاغ يوللىرىنى بېسىپ، ئۆزلىرى ئىنتىزار بولغان ئىلاھلارنىڭ ئالدىغا كۆجىلەرنى يېقىپ، دەرد - قايغۇلىرىنى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئېيتىشىدۇ، بۇتخانا ئەتراپىدا چاڭچىلە ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ، خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ئادەم توپلاپ قىسسىلەرنى ئېيتىدۇ، ئوقەتچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلىرى ئەتراپنى بىر ئالىدۇ، تاغ ئۈستى ۋە ئاستى قايناق ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ پائالىيەت ھەر يىلى قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن مەدەنىيەت ئامىللىرى قوشۇلۇپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدىغان، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مۇھىم سەيلە - ساياھەت بازىسىغا ئايلاندى.

مىياۋفېڭشەن بۇت سەيلىسى پائالىيىتى يەنە شۇنداقلا خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىن تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيال ۋە تەتقىقات سورۇنى ھازىرلاپ بەردى. ئۇلارنىڭ

مياۋفېڭشەن بۇت تاۋاپى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلىرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرى باشلىنىپ، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملاشماقتا.

مياۋفېڭشەن تېغىدا ئېلىپ بارغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش ماڭا ئۇيغۇرلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مياۋفېڭشەندىكى تاۋاپ پائالىيەتلىرى بىلەن شەكىل جەھەتتىن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە بولغان «مازار» پائالىيىتىنى ئەسلەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ، مازاركەشتىلىك ھاياتىمنى باشلىۋەتتىم. مازار ئۈچۈن دەشت - چۆللەرنى كەزدىم، شەيخلەرنىڭ يېگانە كەپىلىرىدە، ئۇلار بىلەن ئۇزۇن سۆھبەتلەردە بولدۇم. چوڭ تىپتىكى مازار پائالىيەتلىرىگە خەلقنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى، ھېسسىياتىنى تىڭشىدىم، چېلىشىش، مەدداھلىق، توخۇ، قوشقار سوقۇشتۇرۇش سورۇنلىرىدا قانغۇچە ھوزۇرلاندىم. ئاخىر ئايلاپ - ئايلاپ ئېلىپ بارغان ئەمەلىي تەكشۈرۈشنى يىغىنشتۇرۇپ، دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەم «ئۇيغۇرلاردىكى مازار مەدەنىيىتى» نى تاماملىدىم. بۇ ئەسىرىمنىڭ خەنزۇچىسى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، كەينىمگە قارىسام كىتابىمغا كىرگۈزۈشكە پۇرسەت تەگمەي، بىر ياندا بېسىلىپ ياتقان مازار تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىمگە كۆزۈم چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن تەتقىقاتچىلار ۋە خەلقنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم. مېنىڭ مازار ئۈستىدىكى تەتقىقاتىم ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭ تۇرپان ۋىلايىتى بىلەن چەكلەنگەن. ئوقۇرمەنلەرنى تېخىمۇ كۆپرەك مازار بىلەن تونۇشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، كىتاب ئىشلەشتە ئۆزۈم شەخسەن تەكشۈرۈشكە ئىمكان بولمىغان مازارلاردا باشقا يولداشلارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى بايانلىرىدىن مۇۋاپىق

پايدىلاندىم. كىتاب چىقىش ئالدىدا شۇ يولداشلارنىڭ تەتقىقاتىغا بولغان ھۆرمىتىم ۋە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى ئېيتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق تاپتىم: بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر مازارلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەزكىرىسى يوق، بارلىرىنىڭمۇ ئاساسەن رىۋايەت تۈسى قويۇق. ھەرقايسى ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مازار تارىخىغا ئائىت بايانلاردا ئۆزۈم توپلىغان رىۋايەتلەرنى ئاساسەن كىرگۈزدۈم. رىۋايەت چىن مەنىدىكى تارىخ ئەمەس، ئەمما ئۇ مازار ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا بىزنى قىممەتلىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوقۇرمەنلەرنى ئۇيغۇر مازارلىرىنىڭ بىۋاستە كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش مەقسىتىدە ئامال بار ھەربىر مازارغا شۇ مازارنىڭ سۈرىتىنى قىستۇرۇپ ماڭدىم. ئۇيغۇر مازارلىرى ھەرخىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تۈپەيلى كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ ئەسلىي قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالالمىغان، ھەتتا بىر قىسىم مازارلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ ئەسلىدىكى ئىزىنىمۇ يوقاتقان. شۇ سەۋەپتىن كىتابقا رەسىمنى تارتىشقا ئىمكانىيىتىم يەتمىگەن ياكى قۇرۇلۇشى بەكلا ئاددىي، ئىزى يوقالغان مازارلاردا بولىدىغان ھەرخىل پائالىيەت سۈرەتلىرىنى بەردىم. ئۈچىنچىدىن، يەرلىك شېۋە پەرقى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى مازارغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلاردا بىر قىسىم پەرقلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، ”خوجا“ ئاتالغۇسىنى ئالساق، قەشقەر تەۋەسىدە ”خوجام“ دېيىلسە، تۇرپاندا ”غوجام“ دېيىلىدۇ، تەزكىرىلەردە بولسا ”خاجە“ دەپ ئېلىنغان. مەزكۇر كىتابتا بولسا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ”خوجا“ دەپ ئېلىندى. بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى يەرلىك خەلقنىڭ ئاتىشى بويىچە ئالغان بولسام، يەنە بىر قىسىملىرى ئۆزگەرتىلىپ، تەلەپپۇز

قائىدىسىگە ماسلاشتۇرۇلدى.

مازار ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «زىيارەت» ، «يوقلاش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر ئىستېمال مەنىسىدە بولسا، بۇ سۆز زاراتگاھلىق، قەبرىستانلىق، تۇپراق بېشى مەنىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تۇپراق بېشىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، قىسمەن جايلاردا يۇقىرىقى مەنىلەردە كېلىدىغان ئەھۋالمۇ بار.

مازارغا تېۋىنىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرقەدەر كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. بولۇپمۇ جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا مازارغا تېۋىنىش بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادقا ئائىت تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. كىشىلەر مازارنىڭ ئۆزلىرىنى پاناھىدا ساقلىشىنى، مۇشكۈلاتلىرىنى يېنىكلىتىشىنى، ھاياتلىقتا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلغان. بىمارلار كېسىلىگە سەۋەب، باش قىز ـ ئوغۇللار ئۆزلىرىگە جورا، قولى قىسقىلار بايلىق ئىزدەپ مازارلارنى تاۋاپ قىلغان ۋە ھەر خىل مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. مازار دەردمەنلەرنىڭ دەردىنى ئېيتىدىغان، تۇرمۇشتا كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇققاندا تەسەللى تاپىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە كېسەل داۋالايدىغان، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، روھىنى پاكلايدىغان، جۈملىدىن كۆڭۈل ئاچىدىغان، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇدىغان مۇھىم سورۇنغا ئايلانغان. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر قاتتىق ئىسسىق، قەھرىتان سوغۇقلاردا ئۇزۇن، خەتەرلىك مۇساپىلەرنى بېسىپ، مازارلارغا يول ئالغان، ھەتتا بەزىلەر بىر قىسىم داڭلىق مازارلارنى مەككە بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقان.

ئۇيغۇر مازارلىرىنى مازاردا ياتقان كىشىنىڭ سالاھىيىتى، جىنسى ۋە مازارنىڭ خاراكتېرىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1. ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مازارلار.

1) ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشىغا ئۈچۈن تۆھپە قوشقان خاقانلارنىڭ مازارلىرى:

بۇ تۈردىكى مازارلاردىن داڭلىقلىرى، تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى؛ ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كېڭەيتىشتە تۆھپە قوشقان قاراخانىيلار خانى يۇسۇپ قادىرخان مازىرى؛ چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى قاتارلىقلار بار.

2) ئىسلام شېھىتلىرى مازارلىرى:

قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى ئىسلاملاشمىغان رايونلارغا قارىتا قورال كۈچى بىلەن ئىسلاملاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان. قاراخانىيلار بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللار دىنىي ئۇرۇش بولغان. ئاقىۋەت قاراخانىيلار غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، تۈمەنلىگەن ئىسلام لەشكەرلىرى ئۇرۇشتا شېھىت بولغان. ئۆتكەنكى ئۇرۇش مەيدانلىرى ئۇلارنىڭ مازىرىغا ئايلانغان. شېھىتلار مازارلىرى ئۇيغۇر مازارلىرى ئىچىدە سان جەھەتتىن ئەڭ كۆپ، تەسىرىمۇ بىرقەدەر چوڭ. داڭلىقلىرىدىن خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قازا قىلغان قاراخانىيلار خانى ئەلى ئارسلانخان مازىرى، ئاقسۇدىكى قىرمىش ئاتام مازىرى، تۇرپاندىكى ئەلپەتتا خوجام مازىرى قاتارلىقلار بار.

3) ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ

مازارلىرى

بۇ خىلدىكى مازارلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، كۆپ قىسىم مازار ئىگىلىرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ئېنىقسىز، پەقەت يەرلىكتە ئۇلار توغرۇلۇق ھەر خىل رىۋايەتلەر تارقالغان. بۇ تۈردىكى مازارلار ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا كۆپ تارقالغان. داڭلىقلىرىدىن قەشقەردىكى ئىمام رەببانە مازىرى، ئاقسۇدىكى ئايكۆل مەۋلانەم مازىرى، كورلىدىكى رابىيىن ئاتا مازىرى، تۇرپاندىكى مۇرتۇق خوجام، خىزىر خوجام، قۇمۇلدىكى قەيس خوجام، غۇلجىدىكى سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى قاتارلىقلار بار

4) شىنجاڭدىكى داڭلىق خوجىلار ۋە سوپىلارنىڭ مازارلىرى :

14- ئەسىردىن تارتىپ، ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان خوجىلار شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام سوپىزمىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەرلىك تارمىقى ئىشانچىلىق مەزھىپىنىڭ داڭلىق دىنىي رەھبەرلىرى ئىدى. خوجىلار شىنجاڭدا دىنىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈپلا قالماي، يەنە سىياسىي ھاكىمىيەتكىمۇ ئارىلىشىپ، بىر مەزگىل كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان. كىشىلەر ھايات خوجىلارغا چوقۇنۇپلا قالماي، ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مازارلىرىغا چوقۇنغان. خانلارمۇ ئۆز ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇش، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن داڭلىق خوجا، ئىشانلارنى ئۇستاز تۇتقان. ئومۇمەن 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرى، يەنى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن تارتىپ تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى تارمار بولغانغا قەدەر بولغان 300 يىل ۋاقىت ئۇيغۇرلاردا مازارغا چوقۇنۇش ئەڭ ئەۋج ئالغان

دەۋرلەر ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا بۇ مەزگىللەردە، خەلقنىڭ مازارغا تېۋىنىشتەك دىنىي پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئېشەكنى كۆمۈپ يالغان مازار ياساپ، ئۆزى شەيخ بولۇپ، خەلقنى ئالداشتەك قىلمىشلارمۇ بولغان. بۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن داڭلىق مازارلاردىن ئاپاق خوجا مازىرى، خوجا مۇھەممەت شېرىپ مازىرى، ئەرشىدىن خوجا مازىرى قاتارلىقلار بار.

5) ئىسلام شىئە مەزھىپىنىڭ داڭلىق ئىماملىرى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرى :

بۇ مازارلارنىڭ ئىگىلىرى ئىسلام دىنى تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى، شۇنداقلا ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ داڭلىق ئىماملىرى. يەرلىكتە تارقالغان رىۋايەتلەردە، ئۇلار ئىسلام شېھىتلىرى سالاھىيىتى بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى مەلۇم تارىخىي ۋەقەگە باغلىنىپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ كىشىلەر شىنجاڭغا كېلىپ باققان ئەمەس. بۇ خىلدىكى مازارلار ئىچىدە داڭلىقلىرىدىن خوتەندىكى ئىمام جەئفىرى سادىق، ئىمام جەئفىرى تەيران، ئىمام غەززالى، ئىمام مەھدى ئاخىرزامان، ئىمام مۇسا كازىم، تۆت ئىمام مازىرى قاتارلىق ئىسلام شىئە مەزھىپىدىكى 12 ئىمامغا مۇناسىۋەتلىك مازارلار؛ ئۇجمە مازار، يەكەندىكى چىلتەن مازىرى قاتارلىقلار بار.

2. ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز مازارلار.

بۇ تۈردىكى مازارلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنى بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، مازار ئىگىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تارىخىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىلىرى؛ يەنە بىر قىسمى دەسلەپ شەكىللەنگەندە ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ،

ئەمما كېيىنكى تەرەققىياتىدا رىۋايەتنى ۋاستە قىلىپ ئىسلام دىنى بىلەن بېقىنلاشتۇرۇلغان.

1) داڭلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ مازارلىرى

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىملىرى، شائىرلارنىڭ مازارلىرى، ئالايلۇق؛ مەھمۇد قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئاماننىساخان، ئاقسۇدىكى ھاجى خاراباتى، خوتەندىكى ئەلاۋىددىن مۇھەممەت خوتەنى، ئۇچتۇرپاندىكى ئىمام شاكىر، غۇلجىدىكى يۇسۇپ سەككاكى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مازارلىرى.

2) داڭلىق قەھرىمانلارنىڭ مازارلىرى :

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنلا، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قەھرىمانلىقتا چوقۇنۇش بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ رايوندا بىر قىسىم مەشھۇر قەھرىمان شەخسلەرنىڭ مازارلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ مازارلار كېيىن ئىسلام تۈسىنى ئالغان رىۋايەت، قىسسىلەر ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇلۇپ ئىسلام قەھرىمانلىرىغا ئايلاندۇرۇلغان. داڭلىقلىرىدىن خوتەن لوپ ناھىيىسىدىكى سىياۋۇش مازىرى بار. سىياۋۇش ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان داڭلىق قەھرىمان شەخس بولۇپ، ئىران پادىشاھى كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى.

3) مەلۇم كەسىپ پىرلىرىنىڭ مازارلىرى :

بۇ خىلدىكى مازارلارنىڭ ناملىرى مازار ئىگىلىرىنىڭ ھايات ۋاقتىدا شۇغۇللانغان كەسپى ياكى مەلۇم جەھەتتىكى ئىقتىدارى، ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان. ۋەكىللىكلىرىدىن تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى سۆگەل كېسىلىگە داۋا دەپ قارالغان سۆگەل خوجام مازىرى،

تۇرپاندىكى چىش ئاغرىقى خوجام، توقسۇندىكى مەخسۇس ئاياللارنىڭ كۆكسى ئاغرىقىغا داۋا دەپ قارالغان قىزىل ئەمچەك خوجام، كۇچادىكى چىچەك ئانام مازىرى، كۇچادىكى تۆمۈرچى ئۇستىلار پىرى دەپ قارالغان قىلىچ ئاتام، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى سەنئەتكارلار پىرى دەپ قارالغان قەمبۇرۇللا مازىرى، تۇرپاندىكى كۆنچى ئۇستىلار پىرى دەپ قارالغان كۆنچى خوجام مازىرى، تۇرپاندىكى چارۋىلار پىرى دەپ قارالغان قويچى ئاتام مازىرى قاتارلىقلار. بۇلار ئەمەلىيەتتە قەدىمدە مەلۇم كەسىپ ياكى ساھەنىڭ پىرلىرى بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

4) ئاياللارغا خاس بولغان مازارلار:

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە ئاياللارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ياكى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر تۈركۈم مازارلار بار. بۇ مازارلار قىز - ئاياللارنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق ياكى باللىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان، ئۆز دەردلىرىنى، ئارزۇلىرىنى بايان قىلىدىغان سورۇنىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ تۈردىكى مازار ئىگىلىرىنىڭ بىر قىسمى تارىختىكى رىئال شەخسلەردۇر. مەسىلەن، قاراخانىيلار جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان بۇۋى مەريەم خېنىم، نۇر ئەلانۇرخان خېنىم، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە خېنىم، ئۈچتۇرپاندىكى يەتتە قىزلىرىم قاتارلىقلار؛ يەنە بىر قىسىم مازار ئىگىلىرىنىڭ كونكرېت ئىسمى يوق بولۇپ، كۆپ قىسمى توقۇلما شەخسلەر. ۋەكىللىكلىرىدىن يەكەندىكى سۇت پاشىم، بۇگۇردىكى قارا چاچ ئانام، تۇرپاندىكى يەتتە قىزلىرىم، ئانىجان، خېنىم جاي مازارلىرى بار.

5) بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىدىن ئۆزگەرگەن

مازارلار :

شىنجاڭدىكى مازارلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇرۇنقى بۇددا دىنى تەرەققىي قىلغان ئورۇنلاردا، بولۇپمۇ بۇرۇنقى بۇددا دىنى خارابىلىرى ئەتراپىدا مازارلار بىر قەدەر كۆپ. بىر قىسىم مازارلار جايلاشقان ئورۇن ئەسلىي بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەسگاھلىرى بولۇپ، كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىغا ئۆزگەرگەن. ۋەكىللىكلىرىدىن تۇرپاندىكى تۇيۇق خوجام، خوتەندىكى كوھمارىم، كەپتەر مازار قاتارلىقلار بار.

6) هايۋان، ئۆسۈملۈك ناملىرى بىلەن ئاتالغان مازارلار :

بۇ تۈردىكى مازار ئىگىلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ گەرچە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەردە كونكرېت ئىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مازارلىرى هايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ياكى باشقا تەبىئەت جىنسلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، خوتەن لوپ ناھىيىسىدىكى ئۆجمە مازار، خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىكى غاز خوجام، خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدىكى لاچىن خوجام، يېڭىساردىكى خوجا پاقلانخان، تۇرپاندىكى تۇز خوجام، پىچاندىكى ئاق تېرەك خوجام، يەكەندىكى خوراز خوجام قاتارلىقلار. بۇ مازارلارغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ بىر قىسمىدا، مازار ئىگىلىرىنىڭ شۇ هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ خىلدىكى مازارلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كېيىن رىۋايەت ۋاستىسى بىلەن ئىسلاملاشتۇرۇلغان.

ئادەتتە مازار ئۈستىدە سۆز بولغاندا، كۆپ قىسىم ئەسەرلەردە ئۇنى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرىدۇ. يۇقىرىقى مازار تۈرلىرىدىن بۇ خىل قاراشنىڭ يۈزەكى

ئىككىلىنىشنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇيغۇر مازارلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار تارىخىدا زور تەسىر قوزغىغان قاراخانىيلار خان جەمەتى ئەزالىرى، داڭلىق خوجىلار، چوڭ ئىشانلار، ئىسلام شېھىتلىرى مازارلىرىدىن باشقا، يەنە ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز نۇرغۇن مازارلار مەۋجۇت. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە نۇرغۇن توقۇلما مازارلار بار. بۇ خىلدىكى مازارلار ئىسلام تۈسىنى ئالغان رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلگەچكە، ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالىغان. بۇ مازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئاددىي، پائالىيەت كۆلىمى كىچىكرەك بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە. بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇر مازار تەتقىقاتىدىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر.

كونكرېت مازار مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مازار تاۋاپىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدە بار بولغان دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئىسلام ئېتىقادىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. مازار پائالىيىتى مەلۇم نۇقتىدا كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مەنپەئەتدارلىق خاھىشىغا ئىگە دىنىي تاۋاپ پائالىيىتى. مازار پائالىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي، دىنىي، پسىخىك ئامىللارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. مازارغا تېۋىنىش ئۇيغۇرلاردىكى شامان ئېتىقادىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى.

ئەجدادلارغا تېۋىنىش ۋە ھەممە نەرسىدە روھ بار دېگەن قاراش شامان ئېتىقادىنىڭ ئاساسى. ئەجدادلارغا تېۋىنىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى شامان ئېتىقادىدا مۇھىم ئورۇندا

تۇرۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىچىلىك دەۋرىدە ئەڭ دەسلەپ بۆرىنى ئۆزىگە ئەجداد ۋە قوغدىغۇچى ئىلاھ ھېسابلىغان. كېيىنچە شەخسىنىڭ كوللىكتىپ ئىچىدىكى رولى بارغانچە گەۋدىلىنىشكە باشلىغان. بولۇپمۇ قەبىلە ئەزالىرىنىڭ باتۇر، چېۋەر بولۇش - بولماسلىقى قەبىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالغان دەۋرلەردە، قەبىلە ئىچىدىكى باتۇر قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئۇرۇش قەھرىمانلىرى كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، شۇنداقلا ئۆلگەندە ئۇلارنىڭ روھى قەبىلىنىڭ ھىمايىچىسىگە ئايلانغان. كېيىنچە بىر قەدەر تىنچ تەرەققىيات باسقۇچىدا ئائىلە جەمەتىنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى رولى بارغانچە مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن. بۇ دەۋرلەردە ئائىلە باشلىقلىرىغا، يەنى ئەجدادلارغا بولغان ئېتىقاد تەدرىجىي قەبىلە قەھرىمانلىرىغا بولغان ئېتىقادنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىغان. بۇ خىل ئەجداد ئېتىقادى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردىمۇ يەككە ياكى بۇددا دىنى بىلەن بىرىككەن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇ خىل ھالەت ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان. ياپونىيىلىك زوكوتو ئەپەندىنىڭ «18- 19 ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدىن مەلۇمكى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە مەخسۇس ئەجدادلارغا تېۋىنىش سۇپىلىرى بولغان. بۇ خىل ئەجداد ئېتىقادى كېيىنكى مازار تاۋاپىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، گەرچە ئەسلىدىكى ھەر خىل دىنىي ئېتىقادلار چەكلەشكە، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ ھىمايىچى، قوغدىغۇچى ئىلاھقا تېۋىنىش

پىشخىكىسىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ خىل پىشخىك تەلەپ ئىسلاملاشقان مازار تاۋاپىدا قاندۇرۇلغان ۋە مازاردا يېڭىچە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، كىشىلەر ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ۋە ئىنسانلار ئالىمىدىكى ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن بۇلارنىڭ سەۋەبىنى ھەر خىل ئىلاھلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن. بۇنىڭ بىلەن مول ھوسۇل ئىلاھى، يامغۇر ئىلاھى، سۇ ئىلاھى، كېسەللىك ئىلاھى ۋە ھەر خىل كەسىپلەرنىڭ ئىلاھلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەر خىل ئارزۇ ــ ئىستەكلىرى، قايغۇ ــ ھەسرەتلىرى بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئويلىمىغان كېلىشمەسلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلالمىغان، جەمئىيەتمۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل ــ يوللىرى بىلەن تەمىنلىيەلمىگەن شارائىتتا، كىشىلەر ھەر خىل ئىلاھلارغا تېۋىنىپ، ئىلاھلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشقان. بۇنىڭ بىلەن تۇغۇت ئىلاھى، بەخت ئىلاھى، بايلىق ئىلاھى، قوغدىغۇچى ئىلاھ دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل ئىلاھلار مەيدانغا كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىدا گەرچە ھەرقانداق مەۋجۇت ئوبيېكتقا چوقۇنۇش مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدە بار بولغان بىر قىسىم ئىلاھلار خەلق تۇرمۇشىدىكى رولىنى يوقاتمىغاچقا، رىۋايەتلەر ۋاسىتىسى بىلەن ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلەشتۇرۇلۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنى مۇھىتىدا تەبىئىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە داۋاملىق ئۆز رولىنى

جـاري قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىغان. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئىلاھلار رىۋايەت ئارقىلىق ئەسلىدىكى قىياپىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، بۇرۇنقى رولىنى يوقاتمىغان ھالدا ئىسلام ئەۋلىيالىرىغا ئايلانغان. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغان. بىر قىسىم مازارلارنىڭ ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى رولىنى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىنى تەدرىجىي يوقاتقان. كۆپ قىسمى بولسا ئەسلىدىكى رولى ئۈستىگە دەۋر تاڭغان يېڭى تەلەپلەرنى يۈكلەپ، داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن مازار كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بۇلغاشقا بولمايدىغان «مۇقەددەس» دىنىي پائالىيەت سورۇنىغا ئايلانغانىدى. لېكىن يەنە دەل مۇشۇ «مۇقەددەس» جاينىڭ بىر قىسمى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكى تۇرمۇش رىتىمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خالىغانچە ئەركىن ـــ ئازادە، خۇشال ـ خۇرام يايرايدىغان پائالىيەت سورۇنىغا ئايلانغان. يېغىلىش ئارىدىكى ئۇردام، خوتەندىكى ئىمام ئاسىمخان، قەشقەردىكى ھەزرەت مازار سەيلىسىگە ئوخشاش چوڭ تىپتىكى مازار پائالىيەتلىرىدە بولىدىغان بۇ خىل كۆڭۈل ئېچىش مەزمۇنى ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ھەم بالدۇرقى دىنلاردا بار بولغان بوت سەيلىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ۋە ئىلاھلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش قارىشىنىڭ تەسىرى، ھەم شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئارام ئالدۇرۇشتەك ئارزۇسىنىڭ ئىپادىسى. مازار كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇشتەك فۇنكسىيىگە ئىگە بولغاچقا، خەلقنىڭ ئېتىقاد تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم قىسمىغا ئايلانغان.

دېمەك، خەلقىنىڭ خاتىرجەملىك، ساغلاملىق، باياشاتلىق، كۆڭۈل ئازادىلىككە ئېرىشىشتەك روھىي تەلىپى، ئۆز ھاياتىنى، مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قېلىش، مال ـ چارۋىلىرى، تېرىلغۇ يەرلىرىنى ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەردىن ساقلاپ قېلىشتەك ئارزۇلىرى مازار ئېتىقادىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئامىلغا ئايلانغان. گەرچە سوپى ـ ئىشانلار مازار تاۋاپىنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن مازار ئېتىقادىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى يەنىلا خەلقنىڭ مەلۇم مەنىۋى ئېھتىياجى، ئارزۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2. «پىر» قارىشى ۋە «ۋاسىتىچى» لىك ئىدىيىسى مازارغا تېۋىنىشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ روھىي ئاساسى.

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ھەرقانداق دىننىڭ مەلۇم مەبۇد خاراكتېرىدىكى كونكرېت تېۋىنىش ئوبيېكتلىرى بولغان. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، يەرلىكلەر ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل بۇتلار چېقىۋېتىلگەن، بۇتخانىلار بولسا بۇزۇۋېتىلگەن. كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقاد قارىشى بىلەن ئىسلام ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان بوھران يۈز بەرگەن. كونكرېت، مەلۇم شەكىلگە ئىگە مەبۇدقا تېۋىنىپ ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئابستراكت، شەكىلسىز بولغان ئاللا قارىشىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشى خېلى تەسكە توختىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەرلىك ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ۋە ئىسلام دىنى سىستېمىسى ئىچىدىن ئىسلام دىنىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، مەلۇم شەكىلگە ئىگە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ئېتىقاد

قارىشى بىلەن يېقىنلاشتۇرىدىغان، ئەمما يەنە ئىسلام دىنى قارىشى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمايدىغان بىر ۋاستە ئىزدەشكە كىرىشكەن. دەل مۇشۇ چاغدا ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ پىر قارىشى ۋە ئىمام ئېتىقادى بۇ ئېتىقاد كىرىزىسىنى يۇمشىتىش ۋە تەڭشەشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان ھەمدە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مازارغا تېۋىنىش ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى دىنىي ئاساسقا ئىگە قىلغان. بۇ جەھەتتە ئىسلام سوپىزمىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك گۇرۇھى ئىشانچىلىقمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار ئەسلىدىلا خەلق ئىچىدە مەۋجۇت بولغان «پىر» ئېتىقادىنى ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىدىكى «ئىمام» ئېتىقادى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھەمدە شامان دىنىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان دىنىي مۇراسىم شەكىللىرىنى قوللانغان.

ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىماملار ۋە شېھىتلارنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش مۇھىم مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزھەبتىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىماملار ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىلاھىلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئادەم بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىدۇر. ئادەملەر پەقەت ئىمامنى ۋاستىچى قىلىش ئارقىلىقلا جەننەتكە كىرەلەيدۇ. بۇ خىل قاراش كونكرېت شەكىلگە ئىگە بولغان ئەجداد، پىرلار قەبرىلىرىگە ۋە بۇتلارغا تېۋىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئىلاھلارغا يەتكۈزۈپ ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان. خوتەندىكى ئىماملار مازارلىرىنىڭ ۋە شىنجاڭدا شېھىتلار مازارلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى ئەنە شۇ خىل قاراشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. كېيىن بۇ خىل

ئېتىقاد قارىشىدىن خوجا ۋە سوپى ـ ئىشانلار پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مازارلىرىنىڭ كارامىتى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭدا مازارغا چوقۇنۇش دولقۇنىنى قوزغىغان.

3. مازار ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان كۆپ خىل دىن ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ يۇغۇرۇلما سورۇنى بولۇپ، شامان دىنى بۇ خىل مەدەنىيەت ئىچىدە ھەر ۋاقىت يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

مازارغا تېۋىنىش پائالىيەتلىرىدە كىشىلەر يەنىلا شامان ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ تېۋىنىش ئادەتلىرى ۋە مۇراسىم شەكىللىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. شامان ئېتىقادى مازار تاۋاپ پائالىيەتلىرىدە ئەڭ مەركىزلىك ساقلانغان. ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنلا يەرلىكتە دېھقانچىلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە سەيلە خاراكتېرىنى ئالغان ئاممىۋى تاۋاپ پائالىيەتلىرى مەۋجۇت ئىدى. بۇ پائالىيەتلەر كۆپىنچە تېرىلغۇدىن بۇرۇن ياكى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، كىشىلەر تېرىلغۇدىن بۇرۇن دېھقانچىلىق ئىلاھىدىن مول ھوسۇل تىلىسە، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئىلاھقا رەھمەت ئېيتىشاتتى. بۇ خىل پەسىل تۈسىنى ئالغان ياكى مۇقىم ۋاقىتقا ئىگە بولغان تاۋاپ پائالىيەتلىرى كېيىن مازارلاردا داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. مەسىلەن، مازارلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر خىل مەزمۇندىكى زاراخەتمىلەر بۇنىڭ مىسالى. ئۇنىڭدىن باشقا مازاردا قان قىلىش، مازارغا چىراغ يېقىش، تۇغ باغلاش، تۇلۇم ئېسىش، مازاردىكى «مۇقەددەس» بۇلاق، تاش، دەرەخلەرگە تېۋىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شامان دىنىنىڭ مۇراسىم ئادەتلىرى بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى دىنلاردىمۇ

قوللىنىپ كېلىنگەن. شامان دىنى كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى، بوغۇرۇلۇشى جەريانىدا باشتىن ــ ئاخىر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. مازارنىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىش ئالاھىدىلىكى روشەن ئەكس ئەتكەن.

ئىسلامدىن بۇرۇنقى دىنلار مازارنىڭ تاۋاپ شەكلىگىمۇ ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرگەن. مازارنىڭ تاۋاپ شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى، كىشىلەر مەلۇم مەقسەتتە قەرەلسىز ھالدا ئۆز جايىدىكى مازارلارنى ياكى يىراقلاردىكى مەلۇم ئېھتىياجدىن چىقىدۇ دەپ قارالغان ھۆددە مازارلارنى تاۋاپ قىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، كىشىلەر مەلۇم قەرەللىك ۋاقىتتا كوللېكتىپ ھالدا بىر قىسىم چوڭ تىپتىكى مازار پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. بۇ ئىككى خىل تاۋاپ شەكلىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىسلام دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق دىندا مەۋجۇت. ئەمما ئۇيغۇرلاردا چوڭ تىپتىكى مازار پائالىيەتلىرىدە بىرقەدەر مۇقىم بولغان تاۋاپ يۈنىلىشى شەكىللەنگەن بولۇپ، تاۋاپ شەكلى ۋە يول يۈنىلىشى بۇددا دىنىنىڭ بۇددا ئىزلىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۇسۇلى بىلەن مەلۇم جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە. مازار قۇرۇلۇشى ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەبرە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان، ھەم بۇددا، زوروئاستىر دىنلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى، تارىختا ئۇيغۇرلار شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە ياشىغاچقا، ھەر ۋاقىت سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغان ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت بوغۇرۇلمىلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىردەكلىكى ۋە سىجىللىقىنى

ساقلاشقا تىرىشىپ كەلگەن. ئۇلار ھەر ۋاقىت ئۆز مەدەنىيىتىنى بىلەن سىرتقى مەدەنىيەتنى تەڭشەپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغان. بۇ خىل مەدەنىيەت ماسلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكى ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنلا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئىسلامدىن بۇرۇن قەشقەردە بۇددا، خرىستىئان، زورۇئاستېر دىنلىرى تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئېتىقادچى ئامما بۇ دىنلارغا ئوخشاش پوزىتسىيىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرقىغە كۆپ سەپسالمىغان. ئۇلار ئېھتىياج تۇغۇلغاندا، بۇ ئۈچ دىنىنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىرىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ، بۇ دىنلار ئىلاھلىرىدىن مەدەت تىلىگەن. بۇ يەردە بىر خىل ئۇنىۋېرسال خەلق ئېتىقادى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئېتىقاد جەھەتتىكى تەڭشەش، ماسلاشتۇرۇش مازارلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. دەسلەپتە دېھقانچىلىقتا ياخشى ھوسۇل ئېلىش ئارزۇسىغا ئاساسەن مەخسۇس دېھقانچىلىققا ھۆددە مازارلار بارلىققا كەلگەن. كېيىنچە كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىققا ئائىت بىلىملىرىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىققا ھۆددە مازارلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىنى تەدرىجىي ھالدا تۇرمۇشتىكى تاقابىل تۇرۇش ۋە ھەل قىلىش تەس بولغان مەسىلىلەرگە يۆتكىگەن. يەنە ئالايلۇق، بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆتۈش جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن بىر قىسىم بۇددا مۇقەددەسگاھلىرى ئىسلام رىۋايەتلىرى ئارقىلىق ئىسلام مازارلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن. خوتەندىكى كوھمارىم بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ يەر ئەڭ دەسلەپ يەرلىكنىڭ سۇ ئىلاھىغا تېۋىنىش سورۇنى ئىدى. كېيىن بۇددا ئېتىقادى دەۋرىدە بۇ يەر بۇددا رىۋايەتلىرى ئارقىلىق مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن،

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بولسا، ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك تاۋاپ ئورنىغا ئايلانغان. لېكىن ئۇنىڭ سۇغا ھۆددە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزگەرمەي، يېقىنقى چاغلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

مازارغا تېۋىنىش خېلى كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئېتىقاد پائالىيىتى، شۇنداقلا مەدەنىيەت قاتلىمى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان پەۋقۇلئاددە دىنىي مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ ئۆز مەنىسى بىلەن نوقۇل دىنىي پائالىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ قاتلاملىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە فولكلورىدىكى دىن، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە، ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتارلىق كۆپ ساھەلەرگە چېتىلىدىغان ئېتىقاد پائالىيىتى. ئۇيغۇرلاردىكى مازار مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان فولكلور ئېلېمېنتلىرىنى مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يورۇتۇپ بېرىش كۆپ مەنبەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئۆز ئىچىدىن چىققان داڭلىق شەخسلىرىگە مازار تىكلەپ، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى ئۇنتۇماي يادلاپ كەلگەن. بۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۈلگىلىرىنى ئورخۇن، يېنىسەي ۋادىلىرىدىكى قەھرىمانلىق تۆھپىلەر خاتىرىلەنگەن مازار تاشلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. نۇرغۇن تارىخىي شەخسلىرىمىزنىڭ خەلق ئىچىدە يازما تارىخسىز ساقلىنىشىدا مازارلار ئابىدە سۈپىتىدە رول ئوينىغان. شۇڭا مازار تەتقىقاتى ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى ۋە مۇۋاپىق قوغدىلىشى كېرەك. مازارلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا، گەرچە بىر قىسىم

تارىخىي شەخسلىرىمىزنىڭ مازارلىرى ئىسلاملاشتۇرۇلۇپ، ئەسلىي تارىخى ئۇنتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم ئالىملىرىمىز، قەھرىمانلىرىمىزنىڭ مازارلىرى دەۋر بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ئۆتۈپ، بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغلۇق ئەقىدىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئەسىرلەردىن بۇيان كىشىلەرنى ئىلىم سۆيۈشكە، باتۇرلۇققا ئۈندەپ، مەنىۋى ئىلھام بېغىشلاپ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى مەھمۇد قەشقەرى مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىغا ئوخشاش بىر تۈركۈم مازارلىرىمىز بىزنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش بازىمىزغا ئايلىنىشى كېرەك.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ مازار تاۋاپىدا، بەخت ـ سائادەتكە جاپالىق مېھنەت ئارقىلىق ئېرىشىشنىڭ ئورنىغا مازاردىن تىلەش، بىمارلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماي مازارغا ئېلىپ بېرىش، كىمنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىزلا قارىغۇلارچە چوقۇنۇشقا ئوخشاش ئەخمىقانە، خۇراپاتلىق ئادەتلىرى يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر.

مازارلارنىڭ بىر قىسمى جايلاشقان ئورنىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلسا، يەنە بىر قىسمى ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، چوڭ تىپتىكى مازار پائالىيەتلىرىنىڭ خۇراپىي تەركىبلىرى بارغانچە ئازلاپ، كۆڭۈل ئېچىش، سەيلە ـ ساياھەت خاراكتېرى بارغانچە روشەنلەشمەكتە. چوڭ تىپتىكى مازار پائالىيەتلىرىنىڭ مەدداھلىق، دارۋازلىق، چېلىشىش، مەشرەپكە ئوخشاش مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنىڭغا يەنە كىتاب، سودا يەرمەنكىسى، سەنئەت بايرىمى قاتارلىق ساغلام مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى قوشۇپ،

ئۇنى يەرلىك ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇش نۆۋەتتە مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم ۋەزىپىدۇر.

غەربنى ئېچىش ۋە شىنجاڭ ئىقتىساد تەرەققىياتىدا ساياھەتنى نۇقتا قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قەدىمىي مازار قۇرۇلۇشلىرى ۋە چوڭ تىپتىكى مازار پائالىيەتلىرىنىڭ ساياھەت ئىقتىسادىدىكى قىممىتىنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنى ئېچىپ ساياھەت نۇقتىلىرىغا ئايلاندۇرۇش بىر تەرەپتىن شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، يەرلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.



# سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى (يەرلىكلەر ھەزسۇلتان مازىرى دەپ ئاتىشىدۇ) ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سۇنتاغ يېزىسى مەشھەت كەنتىگە جايلاشقان، خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76.10 گرادۇس، شىمالىي كەڭلىك 39.41 گرادۇس، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1298 مېتىر، مازار ھەيۋەتلىك مۇنارلىق دەرۋازا، قورشاۋ تام، مەسچىت، سەرراپ، ياتاق (مۇساپىرخانا)، ئىش بېجىرىش ئۆيلىرى، ھويلا، كۆل، قەبرىستانلىق ۋە مېۋىلىك باغلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ. قەبرىستانلىقتا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى (گۈمبەز) دىن باشقا يەنە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ مەقبەرىسى ۋە

باشقا ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ بار.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئاساس سالغۇچى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 4 ـ ئەۋلاد خاقانى ھەمدە خانلىقتا تۇنجى بولۇپ ئۆلىما ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ دەۋەت قىلىشى ۋە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر قاغانى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتا (مىلادىيە 942\943 — 955\956 ـ يىللىرى) ئىسلام دىنىنى ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىدا ئومۇملاشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە تارقىتىش، كېڭەيتىش جەھەتتە زور كۈچ چىقارغان ۋە شىنجاڭدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان ئۇلۇغ ئۆلىما ھەم ھەربىي ئالىم. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھىجرىيە 344 ـ يىلى (مىلادىيە 955~956 ـ يىلى) ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى مۇسا بىننى ئابدۇلكېرىم (بايتاش ئارسلانخان) ئۇنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ مەقبەرىنى ياساتقان. بۇ مەقبەرە قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە قايتا ياسالغان. مەقبەرە دەسلەپتە ياغاچ تۈۋرۈكلۈك، ۋاسا جوپ، تۈز تورۇسلۇق شەكىلدە بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش توپا، باغاچتىن ياسالغان، پۈتۈنلەي نەقىشلىك ياغاچ پەنجىرىلىك ئىمارەت بولۇپ، بۇ شىنجاڭ تەۋەسىدە ئەڭ بۇرۇن ياسالغان ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرە ئىمارىتى ۋە قەبرىگاھ ئىدى. غەرب ئالىملىرى ئىچىدە بىللىبي تۇنجى بولۇپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلغان، ئۇنىڭ ئىسپاتلىشىچە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغان كاپىتان تارتقان سۈرەتكە

قارىغاندا، مازارنىڭ قۇرۇلمىسى ھەشەمەتلىك گۈمبەز
بولۇپ، گۈمبەزنىڭ تۆت ئەتراپىدىمۇ مۇنارلىرى بار. گۈمبەز
كۆك، يېشىل، سېرىق كاھىش چاقچۇقلار ۋە نەقىشلەر بىلەن
چىرايلىق قىلىپ بېزەلگەن. گۈمبەزنىڭ شەرقىي تەرىپىدە
قۇلۇپلاقلىق ئىگىز ياغاچ ئەگمە دەرۋازا ئۈستىدە «1838 –
يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن قايتا رېمونت
قىلدۇرغان» دېگەن ئەرەبچە خەت بارلىقى مەلۇم.

چاغاتايچە «تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق قولىيازمىدىكى
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوجا مۇھەممەد شېرىپ دېگەن
كىشىنىڭ بۇ مازارغا كەلگەنلىكى، مەسچىت سالدۇرۇپ،
ئىمام – مەزىنلەرنى تەيىنلەپ، ۋەخپە يەر ئاجرىتىپ،
مازارنى ئاۋاتلاشتۇرغانلىقى، ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتىكى
بىلىمى ۋە پازىللىقى بىلەن ئەل ئىچىدە ئابرۇي قازانغانلىقى
مەلۇم. جۈملىدىن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى سەلتەنىتى
دەۋرىدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان (مىلادىيە 1533 — 1559 –
يىللىرى) نىڭ ھەر يىلى ئىككى – ئۈچ قېتىم ئاتۇشقا
كېلىپ ھەزرىتى سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى
تاۋاپ قىلىپ، قۇرئان – تىلاۋەت ئۆتكۈزۈپ تۇرغانلىقى
ھەمدە ئۇنى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ
ئۇسلۇبى بىلەن خىش قۇرۇلمىلىق گۈمبەز تورۇسلۇق
قىلىپ كەڭ كۆلەمدە رېمونت قىلدۇرغانلىقى ۋە كېڭەيتىپ
قۇرۇپ چىققۇزغانلىقى، مازارنىڭ ئالدى تەرىپى ھەر خىل
نەقىشلەر بىلەن ئىشلەنگەن رەڭدار كاھىش بىلەن
زىننەتلەنگەنلىكى مەلۇم. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ
ئاخىرقى خانى مۇھەممەد ئىسمائىل باھادىر غازى (مىلادىيە
1670 — 1678 – يىللىرى) ئالاھىدە يارلىق چىقىرىپ:
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا ۋەخپە قىلىنغان
يەرلەردىن ئۆشرە – زاكاتتىن باشقا ھېچقانداق باج –

سېلىق ئېلىنمايدىغانلىقىنى بېكىتكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھىجرىيە 1241 - يىلى (مىلادىيە 1826—1827 - يىللىرى) قەشقەر ھۆكۈمرانى ئىسھاق ۋاڭ تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنىپ، ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ ھازىرقى شەكلىگە ئوخشاش قىلىپ ياسىتىلغانلىقى مەلۇم.

ئومۇمەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا، ھاكىمىيەت، دىنىي تەشكىلات، پۇلدارلار ۋە جامائەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنىپ كەلگەن.

مازاردىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ گۈمبىزى ئىلگىرى - كېيىن 1901 — 1902 - يىللاردىكى قەشقەر، ئاتۇش رايونىدا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ۋە 1944 - يىلدىكى كەلكۈن ئاپىتىدە ۋەيران بولغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھى 1956 - يىلى ۋە 1959 - يىللىرى تەكشى يۈزى تۆت چاسا شەكىلدە، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ قايتا ياسالغان. تۆت تېمىنىڭ سىرتقى يۈزى گۈللۈك خىش تىزما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۈستى ئۈچبۇلۇڭلۇق ياغاچ لىم بىلەن يانتۇ ئۆگزىلىك، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ يېپىلغان، ئوتتۇرىسىغا كىچىك مۇنار چىقىرىلغان. مۇنارنىڭ ئۈستىگە ھىلال ئاي يەلكىسى ئورنىتىلغان.

قەبرىگاھنىڭ كۆلىمى 196 كۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى 14 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.85 مېتىر، ئۈستى بىگىزسىمان، قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى قەبرىگاھنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 3.20 مېتىر، كەڭلىكى 2.32 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.55 مېتىر، سىرتى ئاق گەج بىلەن

ئاقارتىلغان. قەبرە ئۈستىگە دۇخاۋا يوپۇق يېپىلغان، ئۈچ تەرىپىدە تۆمۈر پەنجىرىلىك دېرىزە بار بولۇپ، دېرىزىنىڭ ئېگىزلىكى 2.83 مېتىر، كەڭلىكى 1.80 مېتىر، سىرتى نەقىشلەنگەن تۆمۈر ۋادەك بىلەن ئورالغان. قەبرىگاھ دېرىزە تەكچىسىگە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە تاش قويۇپ قويۇلغان، تاۋاپچىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ تاش خاسىيەتلىك بولۇپ، بەل ـ پۇت ئاغرىقى بارلار ئۇنى ئاغرىغان يەرلىرىگە سۈركىسە كېسىلى ساقىيارمىش. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ چاسا شەكىللىك ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۈستى يېپىلغان مەقبەرىسى بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى 3.30 مېتىر، ئېگىزلىكى 3.70 مېتىر، كۆلىمى 11 كۋادرات مېتىر. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ئالدى تەرىپىگە مەسچىت، مەدرىسە، ياتاق، مۇنچا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىمارەتلەر سېلىنغان

مازاردىكى مەسچىت ئېگىز كۆتۈرۈلگەن سۇپا ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياسالغان. مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1192 كۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى 7.43 مېتىر، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 10889 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىچكىرى ـ تاشقىرى قىلىپ سېلىنغان. مەسچىتنىڭ ئىككى ئىشىكى، تۆت دېرىزىسى بار، ئىچىدە ئىككى رەت 12 تال تۈۋرۈكى بار، مەسچىتنىڭ شىمال، جەنۇب، شەرق تەرىپىدە ھەيۋەتلىك پېشايۋان بار بولۇپ، شىمال ۋە جەنۇبىدىكى پېشايۋاندا ئىككى رەت يەتتە تال تۈۋرۈك، شەرقىدە ئۈچ تال تۈۋرۈك بار. پۈتۈن مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكى 43 تال. مەسچىتنىڭ مېھراب ۋە چاسا تورۇسلىرى بىلەن پېشايۋان تورۇسلىرى خىلمۇخىل رەڭلىك سىزما نەقىشلەر بىلەن ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن.

مەسچىت تويا، خىش ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئەتراپى ياغاچ ۋادەك بىلەن ئورالغان. ئۇنىڭ ياسىلىشى پۇختا، كۆركەم ۋە ئەتراپىدىكى مەنزىرىسى چىرايلىق بولۇپ، مەسچىت ئالدىدىكى سۇپسۈزۈك كۆل ۋە ياپيېشىل بوستان تېرەكلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ پۈتۈن مازارغا ھۆسن قوشۇپ، ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ مازار مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. مازارنىڭ دەرۋازىسىدا 1993 ـ يىلى پۈتكەن 45 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيۋەتلىك مۇنار بار. مازارغا تەۋە 12 مو باغ بار بولۇپ، بۇ باغدا ئەنجۈر، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئامۇت، ئانار، بادام ۋە قارىئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھازىرقى قەبرىگاھى ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ ئىقتىساد چىقىرىشى بىلەن 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ يەنە قايتا ياسىلىشقا باشلاپ، ھازىر قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ئاساسىي قۇرۇلۇش بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئەسلىي كۆلەم ۋە ئۇسلۇب بويىچە ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم قىلىپ ياسالدى، ھازىر مازارغا تەۋە مەسچىتمۇ قايتا ياسالماقتا.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى 10 ـ ئەسىردە بىنا قىلىنغاندىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان جايى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق سەيلىگاھ ۋە زىيارەتگاھ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.



# جاي پەتچىم مازىرى

جاي پەتچىم مازىرى ئاتۇش شەھىرى تۇگۇرمىتى يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 18 كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، جىلغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 – 6 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جاي ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى ئىسلام دىنى مۇقەددەسگاھلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، مىلادىيە 932 - يىلى ئەبۇ نەسىر سامانى ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچى ئەينى زاماندىكى قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى جايغا (ھازىرقى ئازاق يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قۇمسىغىر ئەتراپىغا) كېلىپ دىن تارقاتقان، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئۇنىڭ نەچچە ئونلىغان مۇھاپىزەتچىلىرى تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇنى پائال تۇردە تارقاتقان. بىراق بۇ ئىش سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تاغىسى باشچىلىقىدىكى بۇددىستلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تاغىسىغا تەڭ كېلەلمەي، قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ جاي پەتچىمگە قېچىپ كېلىپ بۇ يەردە ئارام ئېلىپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ، قوشۇن توپلاپ كۈچىنى پەيدىنپەي ئاشۇرۇپ، قورال كۈچىگە تايىنىپ ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار ۋە پۈتۈن شىنجاڭغا تارقاتقان.

شۇڭا، بۇ جاي كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەسگاھىغا ئايلانغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جايدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تۇرغان ھەمدە «پەتچىم» ئىسىملىك بىر ھامىلىدار ئايالمۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەن ۋە جەڭ ئۈستىدە مۇشۇ يەردە بويىدىن ئاجراپ كەتكەن. 40 ئادەم ئۇنىڭغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئايال تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنمىش. شۇڭا، كىشىلەر بۇ ئايالنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ يەرگە «جاي پەتچىم» دەپ نام بەرگەن. بۇ يەرنى يەنە بۆشۈك ئانام دەپمۇ ئاتايدۇ، ئاياللار كۆپرەك بۇ يەرگە كېلىپ بالا تەلەپ قىلىدۇ.

«جاي پەتچىم» جىلغىسىغا يېقىن جايدا «سۆگەت ئاتا مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەنزىرىلىك جاي بولۇپ، بۇ يەردە بىر ئاددىي مەسچىت، بىر تۈپ قەدىمىي سۆگەت، بىر بۇلاق، بىر تۈپ ئۈجمە، پىچىلغان تاۋۇزغا ئوخشايدىغان تاش قاتارلىق نەرسىلەر بار. سۆگەتتىن 1000 مېتىرچە نېرىدا «قول سالدى مازار» دەپ ئاتىلىدىغان، سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بار. بالا تەلەپ قىلىدىغان بىر قىسىم ئاياللار بۇ يەرگە قولىنى تىقىپ، قولىغا چىققان نەرسىنى يېيىشىدۇ. سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن جىلغا ئىچىدە غۇسۇلخانا (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان يۇيۇنغان مۇنچا)، تاش ئوقۇر، ئات باغلىغان تاش ۋە تامچى مازار، قىرىق مەسچىت قاتارلىق تاۋاپ قىلىدىغان جايلار بار. ھەر يىلى ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇ جايغا تاۋاپقا كېلىپ تۇرىدۇ.

جاي پەتچىم مازىرى ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن.



# ھەببى ھەجەم مازىرى

ھەببى ھەجەم مازىرى ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى ئىكساق كەنتىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاتۇش بويىچە نەقىش ـ بېزەكلىرى مول، ئەتراپ مەنزىرىلىرى كۆركەم ئىسلام تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىرى. ھەببى ھەجەم مازىرى ئەسلىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى سېلىنغان قۇرۇلۇش بولۇپ، ئەسلىدىكى قۇرۇلۇشى كېسەك قۇرۇلمىلىق، كۆلىمى ھازىرقىدىن كىچىكرەك ئىدى. بۇ قۇرۇلۇش 1902 ـ يىلىدىكى قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مازار گۈمبىزى يېرىلغان بولسىمۇ ساق قالغان قىسمى ھېلىمۇ مەزمۇت تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ گۈمبەزگە دەپنە قىلىنغان زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق. ھەببى ھەجەم مازىرى مازار، مەسچىت، مۇنار، ئىتىكاپخانا ۋە كۆل قاتارلىق بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشتىن تەشكىل تاپقان. ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ كەڭلىكى 13 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 17.5 مېتىر، ئاستى تۆت چاسا شەكىلدە، ئۈستى يۇمىلاق گۈمبەز شەكىلدە ياسالغان. تۆت بۇرجىكى ۋە ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە جەمئىي ئالتە تال يۇمىلاق تۈۋرۈك بار. مەسچىتنىڭ ئارقىسىغا ئىتىكاپخانا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 مېتىر،

كەڭلىكى 4.8 مېتىر كېلىدۇ. ھەببى ھەجەم مازىرى ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، تورۇسى يۇمىلاق، گۈمبەز بىلەن مەقبەرىنىڭ سىرتى گۈللۈك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن ھەمدە پىششىق خىش، گەج، قۇم، لاي بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۇنىڭغا ياغاچ ۋە پولات چىۋىق قاتارلىق ماتېرىياللار ئىشلىتىلمىگەن، مازارنىڭ ئىشىكى شەرققە قارايدۇ. مازارنىڭ ئۈستىدە 24 تۈڭلۈك، ئاستىنقى قىسمىدا 36 ياغاچ پەنجىرە بار. شەرق، جەنۇب، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىگە بىردىن مېھراب چىقىرىلغان. مازارنىڭ ئىچىدە ئايلانما پەلەمپەي بار بولۇپ، مازار ئىشىكىنىڭ ئوڭ تەرىپى ئارقىلىق ئۈستىگە چىقىشقا بولىدۇ. مازارنىڭ ئىچكى تېمىغا: « بۇرادەرلەر، بۇ قۇرۇلۇشنى كىم بىنا قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ مۇھەممەد ئېلى ھاجى، نىياز ئاخۇن، ئەبەي موللا قاتارلىق ئۇستىلار بىنا قىلدى. . .» دېگەن سۆز يېزىلغان.

ئومۇمەن، ھەببى ھەجەم مازىرى قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، ئۇسلۇبى، نەقىش، ئويما بېزەكلىرى، بولۇپمۇ مۇنارى بىلەن سىرتقى تېمىدىكى گۈللۈك خىش تىزما نەقىش ۋە كاھىشلىرىنىڭ ھۈنەر ــ سەنئەتتى قاتارلىق جەھەتلەردە قەشقەردىكى ئاپاق خوجا مازىرىدىن قېلىشمايدۇ. بۇ مازار ئۇيغۇر بىناكارچىلىق ئۇستىلىرىنىڭ يۈكسەك ماھارىتى ۋە ھۈنەر ــ سەنئىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.



# مەھمۇد قەشقەرى مازىرى

مەھمۇد قەشقەرى مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە 5.47 كىلومېتىر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىغا 5.32 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوپال يېزىسى «موللام بېغى» كەنتىدىكى بىر دۆڭلۈككە جايلاشقان بولۇپ، «ھەزرىتى موللام مازىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئوپال يېزىسى ۋە ئازىغ كەنتى (ھازىرقى موللام بېغى كەنتى) قاراخانىيلار دەۋرىدە خاقانىيگە قاراشلىق ئاساسلىق يېزا ـ كەنتلەردىن بىرى، قاراخانىيلار خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. بۇ يەردە خانلارنىڭ دەم ئالىدىغان «خان بېغى» (سۇلتان باغ)، «تەكيەگاھ» (خانلار چەت ئەل ئەلچىلىرىنى كۈتىدىغان مەخسۇس مېھمانخانا)، «خان يايلىقى»، «مۇخ يولى»، «سۇلتان قورغان» قاتارلىق جايلىرى بار ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1599.5 مېتىر كېلىدۇ. قەبرىگاھ يەر يۈزىدىن 70 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى دۆڭلۈك ئۈستىدىكى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان كىچىكرەك ئۆيگە

ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قورۇلۇش كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھى 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياسالغان. مەقبەرە جايلاشقان ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىگە مەھمۇد قەشقەرى جەمەتىنىڭ مەقبەرىسى جايلاشقان. مەقبەرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر مەسچىت بار. ياز پەسلىدە بۇ يەردە شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار، بولۇق ئۆسكەن گۈل ـ گىياھلار، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ جاي قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە يازدا كىشىلەر سالقىنلايدىغان ئىستىراھەتگاھ، ساياھەتگاھ بولۇپ كەلمەكتە.

مەھمۇد قەشقەرى (تولۇق ئىسىم ـ فامىلىسى مەھمۇد بىنى ھۈسەيىن بىنى مۇھەممەد كاشغەرى) تەخمىنەن مىلادىيە 1008 ـ يىلى قەشقەرگە قاراشلىق ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىغ كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تىلشۇناس، تارىخشۇناس. مەھمۇد قەشقەرى ئۆمۈر بويى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللانغان. تۈركىي قەبىلە ـ قوۋملار ياشاۋاتقان شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۈركىي قەبىلە ـ قوۋملارنىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭ پەرقلىرى، كېلىپ چىقىش مەنبەلىرى، تارىخى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا ماتېرىيال توپلىغان ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مىلادىيە 1058 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئوردا ئۆزگىرىشىدە، دادىسى ھۈسەيىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەھمۇد قەشقەرى يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ، باقا يۇرتلاردا 14 يىلدىن كۆپرەك

سەرسانلىق تۈرمۈش كەچۈرگەن. مىلادىيە 1072 - يىلى ئەرەب ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادقا بېرىپ، شۇ يەردە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ، مىلادىيە 1076 - يىلى پۈتتۈرگەن ۋە ئۇنى ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ 27 - خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى 12 - ئەسىردىن كېيىن كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر ئېنىقراقى ھىجرىيە 1245 - يىلى (مىلادىيە 1829 - يىلى) ۋە ھىجرىيە 1315 - يىلى (مىلادىيە 1897 - يىلى) ئىككى قېتىم يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن مەبلەغ توپلاپ رېمونت قىلىنغان.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى روزا مەركىزى، تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا، مەسچىت ۋە قوش مۇنارلىق دەرۋازا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىمارەتلەر خىش - كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ، تۈز تۈرۈسلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ لىم، جەگە، پارامانلىرىغا خىلمۇخىل شەكىلدىكى نەقىشلەر ئويۇلغان، روزا مەركىزىنىڭ ئالدى ۋە شىمالىي تەرەپتىكى تاملىرىغا پەنجىرىلىك ياغاچ دېرىزە قويۇلغان، تۇنەكخانىسى بىلەن دەرۋازا زالى گۈمبەز تۈرۈسلۇق قىلىپ ياسالغان. ئومۇمەن مازارنىڭ ياسىلىش شەكلى، ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى جەھەتتە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن. بىراق يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان ياخشى ئاسرالمىغانلىقتىن، بولۇپمۇ 1985 - يىلدىكى قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ئېغىر دەرىجىدە خارابلاشقانلىقتىن پەقەت قەبرە، دەرۋازىسىلا ساقلىنىپ قالغان. قەبرىنىڭ سول تەرىپىدە ئەينى

زاماندىكى مەدرىسىنىڭ ئىزناسىمۇ ساقلىنىپ قالغان. ئېيتىلىشىچە، مەھمۇد قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەنى مىلادىيە 1080 - يىلى باغدادتىن يۇرتى ئوپالغا كېلىپ، بۇ يەردىكى مەدرىسىدە بىرقانچە يىل مۇدەررىسلىك قىلغان، مىلادىيە 1105 - يىلى 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەھمۇد قەشقەرى مازىرى نەچچە ئەسىردىن بېرى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن، قەشقەردىكى يەنە بىر ئۇلۇغ مازار — يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىغا ئوخشاش «ئىلىمگە ھۆددە مازار» دەپ قارالغان. ئاتا - ئانىلاردا مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيالمىغان ياكى زېھنى تولۇق ئېچىلمىغان بالىلىرىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاۋاپ قىلدۇرۇش ئادىتى بولغان، تالىپلار ھەر قېتىملىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىنى ياكى ئىلمىي سۆھبەتلىرىنى مۇشۇ يەردە ئېلىپ بېرىشقان.

مەھمۇد قەشقەرى مازىرى 1986 - يىلى ئەسلىدىكى ياسىلىش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنىپ ۋە قايتا ياسىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە يېڭى بىر تۈسكە كىردى، مەھمۇد قەشقەرى مازىرى 900 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ۋە ئۆزگىچە بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتىگە ئىگە تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن. ھازىر بۇ يەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مېھمانلارنىڭ مۇھىم سەيلە - ساياھەت ئورنىغا ئايلاندى.



# يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، دۆلەت ئەربابى بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن 1018 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قاراخانىيلارنىڭ يازلىق ئاستانىسى (پايتەختى) بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەن. ياشلىق دەۋرىدە قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي ئاستانىسى قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئوردا ئىچىدە خىزمەت ئۆتىگەن، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1069 ـ 1070 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، 13 مىڭ مىسرالىق بىباھا دىداكتىك داستان «قۇتادغۇ بىلىك»نى قەشقەردە يېزىپ چىققان ۋە ئۇنى قاراخانىيلار قاغانى ئوبۇل ھەسەن تابغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىپ، خاننىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ھەمدە «خاس ھاجىپ»لىققا تەيىنلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىيە 1085 ـ يىلى 67 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جەسىتى قەشقەر شەھىرىنىڭ

شەرقىي جەنۇبىغا يېقىن تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىدىكى بارگاھ (دۆلەتباغ يېزىسى ئارسلانخان كەنتى) يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. تەخمىنەن 1120 - يىللىرى تۈمەن دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جەسەتى ئەسلىي قەبرىگاھىدىن كۆچۈرۈلۈپ، ھازىرقى پايناپ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. كېيىن يەنە تۈمەن دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى تۈپەيلىدىن 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ كېلىنگەن ۋە بۇ قەبرىگاھنى ئالتۇنلۇق دەپ ئاتىغان. كىشىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن تارتىپ ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت، ئېتىقادى بىلەن مازىرىنى يوقلاپ، تاۋاپ قىلىپ كەلگەن. شەيخ، جارۇپكەشلەرنى قويۇپ قوغدىغان، يەر - زېمىنلىرىنى ۋەخپە قىلغان. بولۇپمۇ بۇ مازار كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىلىم پىرى»، «ئىلىمگە ھۆددىگەر مازار» دەپ قارىلىپ، ئاۋام خەلقنىڭ ئىلىمگە، ئۆلىمالارغا بولغان ھۆرمەت ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ جاي شائىر، سەنئەتكار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆپرەك يىغىلىپ تاۋاپ قىلىدىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنىغا ئايلانغان. بۇرۇنلاردا ئاتا - ئانىلار مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە ياخشى ئوقۇيالمىغان، زېھنى ئوچۇق بولمىغان پەرزەنتلىرىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاۋاپ قىلدۇرۇپ، ئىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇتۇپ، خەتمىقۇرئان قىلدۇرىدىغان ئادەت بولغان.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇللاخان (مىلادىيە 1639 — 1668) ھىجرىيە 1074 - يىلى (مىلادىيە 1665 - يىلى) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنى بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ، ئىلگىرىكى تۈز تورۇسلۇق ھالىتىنى گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈرگەن. قەبرىنىڭ ئالدىنى غەربكە

قارىتىپ، 8 مېتىر ئېگىزلىكتە پەشتاقلىق دەرۋازا ئورناتقان.

ھىجرىيە 1242 - يىلى (مىلادىيە 1828 - يىلى) قەشقەر ھاكىمى ئىسھاق ۋاڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنى (بەزى مەنبەلەردە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىدخان دەۋرى (مىلادىيە 1533 — 1570) دە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى ئالتۇنلۇقتا يۆتكەلگەن دېيىلىدۇ) يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلغان، بۇ قېتىم قەبرىگاھنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز، تۆت بۇرجىكىگە مۇنار چىقىرىلغان ۋە قەبرىنىڭ سىرتىغا سۈپەتلىك، رەڭلىك كاھىشلار يېپىشتۇرۇلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى 1874 - يىللىرى بەدۆلەت دەۋرىدە كېڭەيتىلىپ، يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىنغانلىقى مەلۇم. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى تەخمىنەن 965 كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلىگەنىدى. ساقلانغان سۈرەت، خەرىتە ۋە ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مازارنىڭ تۆت ئەتراپى 3.8 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پىششىق خىش تام بىلەن قورشالغان، چاسا شەكىللىك دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى 4.2 مېتىر، ئېگىزلىكى 8 مېتىر، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە راۋاق ۋە خىش بىلەن ياسالغان يۇملاق مۇنارلىرى بار، مازار قورۇسى ئىچىدە 160.6 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەسچىت، شەيخلەر ياتىدىغان ھۇجرا ۋە توققۇز قەبرە بار بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى چوڭ گۈمبەز ئىچىدە ئىكەن. قەبرىنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىر، گۈمبەز بۇرجىكى پىششىق خىشتىن ئەگمە قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 11 مېتىر كېلىدىكەن. گۈمبەزنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تامنىڭ ئىككى بۇرجىكىدىمۇ 7.7 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككى مۇنار

بولۇپ، ئۇنىڭغا رەڭلىك كاھىش چاپلانغان. مازارنىڭ ئۆلىسىنىڭ سىرتىغا يېشىل كاھىش، گۈمبەز ئۈستىگە سۆسۈن رەڭلىك كاھىش يېپىشتۇرۇلغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى بۇزۇلۇشقا باشلىغان. شۇ ۋەجىدىن 1950 - يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن، قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تىزىملىكى» دە، خاتا ھالدا قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان قاراخانىيلارنىڭ خانى يۈسۈپ قادىرخان (1024—1032) نىڭ مازىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى دەپ بېكىتكەن، بۇ خاتالىق يېقىنقى يىللاردا ئاللاقىدار مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى تەكشى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە سېلىنغان بولۇپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. شەرق تەرىپىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى، غەربىي تەرىپىگە مەسچىت جايلاشقان. قەبرىگاھ خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. ئالدى تىك يۈزى ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىشلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. تۆت بۇرجىكىگە يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان بولۇپ، مازارنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك مۇنار ۋە گۈمبەزلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ پۈتۈن مازارغا ئالاھىدە تۈس بەرگەن. مەسچىت ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. خىش قۇرۇلمىلىق گۈمبەز تورۇسلۇق ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. مەسچىتنىڭ تۈۋرۈك، لىم، ھاراق، جەگلىرىگە خىلمۇخىل نەقىش چىقىرىلغان. مېھراب،

تەكچىلىرى گەج ئويما نەقىشلەردە زىننەتلەنگەن.

مازارنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى كۆركەم، رەڭلىك كاھىش، ياغاچ ئويما نەقىش ۋە گەج ئويما نەقىشلىرى ئىنتايىن نەپىس بولۇپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر- سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى 1956 - يىلى يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. مازار 1956 - يىلىغىچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ياكى قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى ياسىلىش ئۇسلۇبى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىنغان.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ نەچچە ئەسىردىن بۇيان داۋاملىق رېمونت قىلىنىشى ۋە يېڭىلىنىشى، جۇمىلىدىن تارىختا ئۆتكەن ئەدىبلەر، شائىرلارنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنى سېغىنىش، ياد ئېتىش يۈزىسىدىن قىسسە، شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرۇشى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى 1000 يىلدىن بېرى قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پايناپ مەھەللىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، 1972 - يىلى مازارنىڭ ئۈستى قىسمى بۇزۇپ تۈزلىۋېتىلگەن، پەقەت ئاستى قىسمى ساقلىنىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا تەنتەربىيە يولى باشلانغۇچ مەكتىپى، شەھەرلىك رادىئو ئۈزېلى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار سېلىنىپ، مازارنىڭ ئىزىدىن ئەسەرمۇ

قالمىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، بۇ مازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1986 ـ يىلى ھۆكۈمەت 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ مازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، 1989 ـ يىلى قۇرۇلۇشىنى غەلىبىلىك تاماملىغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى قەبرىگاھنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1900 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، قەبرىگاھ چوڭ دەرۋازا، مەسچىت، خاتىرە مۇنارىسى، كۆرگەزمە زالى ۋە كۇتۇپخانىدىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان. مازارنىڭ شەرقىي تەرىپىگە قەبرىگاھ، غەربىي تەرىپىگە مەسچىت، شىمالىي تەرىپىگە چوڭ دەرۋازا ياسالغان. بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي پىششىق خىش ۋە بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، قەبرىگاھنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 225 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەبرىگاھ، كايۋان، يەر ئاستى ئۆيى، گۈمبەز قاتارلىق ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كايۋان 22 كىچىك گۈمبەزلىك ئالدى ئوچۇق 22 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۆيلەر شىمالىي، جەنۇبىي، شەرقىي تەرەپتىن توققۇز مېتىر ئارىلىقتا ئاساسىي قەبرە ئۆيدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئالدى تەرەپتىن تۆتتىن سەككىز قەپەزەكلىك مۇنار چىقىرىلغان. ئىككى ياندىكى پەشتاقلىق ئىككى ئىشىك ئاساسىي قەبرە ئۆيىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. كايۋاننىڭ تۆت بۇرجىكىدە يەنە ئېگىزلىكى 9.4 مېتىر كېلىدىغان قەپەزەكلىك تۆت مۇنارمۇ بار.

قەبرە ئۆيى تاشقىرىقى ۋە ئىچكىرىكى ئۆي دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 17.58

مېتىر كېلىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 11.30 مېتىر كېلىدۇ. قەبرە ئۆيى غەربكە قارىتىپ ئېچىلغان. قەبرە ئۆيگە ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى 16.40 مېتىر كېلىدىغان ئىككى قەپەزەكلىك مۇنارىسى بار دەرۋازا ئارقىلىق كىرگىلى بولىدۇ. يەنە قەبرە ئۆيىنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ۋە كىچىك ئۆيلەر بار. ئىچكىرىكى ئۆي مەخسۇس قەبرە ئۆيى بولۇپ، گۈمبىزىنىڭ ئېگىزلىكى 19.60 مېتىر، دىئامېتىرى توققۇز مېتىر، قەبرىگاھنىڭ سىرتى، ئاستى ئاق، ئۈستى كۆك گۈللۈك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن، يۇمىلاق گۈمبەز بىلەن يېپىلغان ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىدا چوڭ ـ كىچىك پەنجىرىلىك بىر نەچچە كۆزنەك ۋە روجەك بار. قەبرىگاھنىڭ ھەممە تەرىپى 20 خىل رەڭلىك گۈللۈك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. قەبرىگاھدا يەنە چوڭلۇقى 198.85 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بېتون بىلەن قوپۇرۇلغان بەر ئاستى ئۆيى بار. چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان بەش خانىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئۆي ۋە بۇ ئۆيلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئايلانما كارىدور قەبرە ئۆيىنى نەملىكتىن ساقلاشتا مۇئەييەن قوغداش رولىغا ئىگە. قەبرە ئۆيىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە مۇنار باسالغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ تەقلىدىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بۇ قەبرىگاھى ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن زامانىۋى بىناكارلىق قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ بىنا قىلىنغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر بىناكارلىق ئۈلگىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى، ھەيۋەتلىكلىكى، پۇختا ـ مەزمۇتلۇقى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى زىيارەتچى، ساياھەتچى ۋە تاۋاپچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.



# ئاپاق خوجا مازىرى

ئاپاق خوجا مازىرى — شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ئاق تاقىيەچىلەر (ئاق تاغلىقلار) مەزھىپىنىڭ قەشقەردىكى مەشھۇر پېشۋاسى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىگاھى بولۇپ، «ھەزرەت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى زاماندا ئاساسسىز تارقالغان رىۋايەت بويىچە ئاپاق خوجىنىڭ قىز نەۋرىسى، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ پادىشاھىنىڭ خانىشى «ئىپارخان» نىڭ جەسىتى بېيجىڭدىن بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ قويۇلغان دەپ قارىلىپ، بەزىلەر بۇ مازارنى «ئىپارخان مازىرى» دەپمۇ ئاتاپ كەلگەنىدى. ئاپاق خوجا مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نەزەرباغ يېزىسى ھەزرەت (قورغان) كەنتىگە جايلاشقان. بۇ مازار دەسلەپ 1640 - يىلى

بەرپا قىلىنغان. ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ھىجرىيە 1060 - يىلى (مىلادىيە 1650 - يىلى) قازا قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. كېيىن قارا تاغلىقلار مەزھىپى (خوجا ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرى) تەرىپىدىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. مىلادىيە 1679 - يىلى سوپىلارنىڭ پىرى، ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ باشچىسى ئاپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ يەكەن سەئىدىيىلەر خانلىقىدىن ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن مازارنى قايتا كېڭەيتىپ ياساتقان. مازارنىڭ غەربىي تەرىپىگە بىر ئېتىكاپخانا ۋە مەسچىت، غەربىي جەنۇب تەرىپىگە دەرۋازا ۋە خانىقا سالدۇرغان. ھىجرىيە 1104 - يىلى (مىلادىيە 1692 - يىلى) بۇ مازارنى ئاپاق خوجىنىڭ ئوغلى يەھيا نەچچە تۈمەن سەر تەڭگە خەجلەپ قايتىدىن كېڭەيتىپ ياساتقان. ھىجرىيە 1105 - يىلى (مىلادىيە 1693- يىلى، بەزى مەنبەلەردە 1695 - يىلى دېيىلىدۇ) ئاپاق خوجا رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈپ مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭدىن تارتىپ «ئاپاق خوجا مازىرى» دەپ ئاتالغان.

ئاپاق خوجىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ھىدايىتۇللا بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ھاجى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا (مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى) ئىدى. ئاپاق خوجا 1633 - يىلى دادىسىنىڭ قەشقەردىكى ئىشانلىق ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلغان. 1679 - يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزى قورچاق خان بولۇۋالغان، ئوغلى يەھيا خوجىنى قەشقەرنىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ بېكىتكەن. مازار شۇنىڭدىن تارتىپ 1874- يىلغىچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە

كېڭەيتىلگەن. ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ كۆلىمى توغرىسىدا مىرزا شاھ مەھمۇد جوراس (17 – ئەسىرنىڭ 20 – يىللىرى تۇغۇلۇپ، شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋاپات بولغان) نىڭ 1676 – يىلى يازغان «تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، ئاپاق خوجا مازىرىغا ۋەخپە قىلىنغان يەر كۆلىمى 43470 مو، تۈگمەن 48، قورۇق 15، يەنە دۇكان ۋە باغ قاتارلىقلار بار دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ ھازىر ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 200 مو (بەزى مەنبەلەردە 300 مو) دىن كۆپرەك بولۇپ، ئەتراپىدىكى كەڭ كەتكەن قەبرىستانلىق، مازار ئالدىدىكى كاتتا جامە مەسچىتى، خانىقا، مەدرىسە، كۇتۇپخانا، ئېتىكاپخانا، كۆل ۋە كۆل بويىدىكى سەيلىگاھ مەيدانى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ناملىق كىتابتا قەيت قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، 1795 – يىلى چيەنلۇڭ خان پەرمان چۈشۈرۈپ بۇ مازارنى قوغدىغان، دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ رېمونت قىلدۇرغان ۋە كېڭەيتىپ ياساتقان، شۇنداقلا خەت تاختىسى تەقدىم قىلغان. جياچىڭ سەلتەنىتىنىڭ 16 – يىلى (مىلادىيە 1811 – يىلى) تۇردىسىنىڭ خوتۇنى سۇدەيشاڭ (دىلشات خېنىم) پۇل چىقىرىپ مازارنى كېڭەيتىپ ياساتقان. سۇدەيشاڭ مانجۇ ئىدى. ئېرى (تۇردى) كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئېرىنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ يەرلىكتە قويۇپ بەش يىلغىچە قەبرىسىنى باققان ھەم ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىپ، پۇل چىقىرىپ بۇ مازارنى تۈت چاسا قىلىپ قايتا ياساتقان. بۇ ھەقتە كۆلبېشىدىكى دەرۋازا پەشتىقىغا ئويۇلغان 6 كۇپلېت پارسچە مەسنەۋىنىڭ 3 – كۇپلېتىدا

مەزكۇر مازارنىڭ ھىجرىيە 1226 ـ يىلى (مىلادىيە 1811 ـ يىلى) 3 ـ قېتىم قايتا ياسىتىلغانلىقى بايان قىلىنغان، بۇنى ياساتقۇچى دىلشات ئىسىملىك بىر مەلىكە ئىكەنلىكى مەسنەۋىنىڭ 2 ـ كۇپلېتىدا زىكرى قىلىنغان. بىراق، بۇ ئىسپاتلانمىغان. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئاپاق خوجا مازىرى 1811 ـ يىلى ۋە 1874 ـ يىللىرى كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1948 ـ يىلغىچە 70 نەچچە يىل مۇكەممەل تۇرغان. 1948 ـ يىلىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىدە گۈمبەزنىڭ ئۈستى تەرىپى چۈشۈپ كەتكەن. بۇ گۈمبەز 1956 ـ يىلى ئەسلىدىكى شەكلى بويىچە قايتا ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. 1972 ـ يىلى ئېگىز (كىچىك) مەسچىت رېمونت قىلىنغان. 1982 ـ يىلى چوڭ دەرۋازىنى مۇستەھكەملىگەن. ئاپاق خوجا مازىرى گەرچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ياكى قايتا سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ياسىلىش شەكلىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان.

ئاپاق خوجا مازىرىدا چوڭ دەرۋازا، ئېگىز (كىچىك) مەسچىت، چوڭقۇر (ئويمان) مەسچىت، خانىقا، مەدرىسە، گۈمبەز قاتارلىق تۆت يۈرۈش قۇرۇلۇش ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر يۈرۈش ئىمارەتلەر توپىنى تەشكىل قىلغان. چوڭ دەرۋازىسى مازارنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئېگىز، مۇستەھكەم ياسالغان ۋە رەڭدار كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ئېگىز (كىچىك) مەسچىت دەرۋازىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئېگىز سۇپا ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆركەم ھەم پۇختا ياسالغان. تۈۋرۈك شەرىپىسى ۋە ھەر خىل نەقىش، ئويمىلار، ھاراق، لىم، جەگىلەردىكى سىزما نەقىش، گۈل، ھەر خىل مەنزىرىلەر، گەج ئويما نەقىش، گۈللۈك خىش ۋە خىش ئويمىلار، دېرىزىلىرىدىكى ياغاچ پەنجىرىلەر بىر ـ بىرىدىن نەپىس، كۆركەم ئىشلەنگەن.

مەسچىتنىڭ زالىمۇ ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چىرايلىق بېزەلگەن. مەسچىتنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىنچىكە، ئېگىز مۇنار ناھايىتى كۆركەم ۋە نەپىس ياسالغان بولۇپ، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئېگىز پەشتىقى ۋە ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن ياپيېشىللىقتا ئورالغان «شەربەت كۆل» ئۆزئارا قوشۇلۇپ پۈتۈن مازارغا ھۆسن قوشىدۇ. بۇ مەسچىتتە كۆپىنچە جۈمە، ھېيت نامازلىرى ئوقۇلىدۇ. بىر قېتىمدىلا 10 مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسچىت ئالدىدا 40 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پېشايۋان بار. ئاپاق خوجا قەبرىگاھى مازاردىكى ئىمارەتلەر ئىچىدە ئاساسلىق ئىمارەت بولۇپ، ئۇزۇن تۆت چاسا شەكىلدە، خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ سېلىنغان، جەنۇب تەرىپىگە پەشتاقلىق ئىشىك ئېچىلغان، ئۈچ تەرىپىگە پەنجىرىلىك قوش دېرىزە ئورنىتىلغان، تۆت بۇرجىكىگە يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان، غەربىي شىمال بۇرجىكىگە سىرتىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي، قالغان ئۈچ بۇرجىكىگە ئىچىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ياسالغان. قەبرىگاھ گۈمبىزىنىڭ ئېگىزلىكى 26.5 مېتىر، دىئامېتىرى 17 مېتىر بولۇپ، تۆت چوڭ ئەگمە تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان، چوڭ ئەگمىنىڭ ئارىلىقىغا تۆت كىچىك ئەگمە چىقىرىلغان، جەمئىي سەككىز ئەگمە ئارقىلىق يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان، تۆت تەرىپىگە ئىككىنچى قەۋەتتىن سىرتقا قارىتىپ دېرىزە ئېچىلغان ۋە ھەر خىل نۇسخىدىكى ياغاچ پەنجىرىلەر ئورنىتىلغان. مازارنىڭ (قەبرىگاھنىڭ) تاشقى تەرىپى كۆك، يېشىل، توق سېرىق ۋە ئاق رەڭلىك نەقىشلىك كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن. گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش چاپلانغان، كاھىشلارنىڭ نەقىش نۇسخىسىلا 70 خىلدىن ئاشىدۇ.

قەبرىگاھ ئىچى كەڭ، ئازادە بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز سۇپىغا چوڭ - كىچىك قەبرىلەر رەت - رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ قەبرىسى قاپ ئوتتۇرىغا جايلاشقان ھەم باشقا قەبرىلەردىن چوڭ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلىرى ئاپاق خوجا ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىلىرى بولۇپ، جەمئىي 57 قەبرە. قەبرىلەرنىڭ ئۈستى رەڭلىك كاھىشلار بىلەن بېزىلىپ، ئۈستىگە يىپەك يوپۇقلار يېپىلغان. گۈمبەز ئەتراپىدىكى تار، ئۇزۇن كارىدور ۋە چوڭ - كىچىك ئەگمىلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، قەبرىگاھنىڭ ئىچى ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك تۈس ئالغان. ئۇزۇن تۆت مۇنار، بىر ئەگمە ۋە يېرىم ئاي شەكىللىك بەلگىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەقىشلىك گۈمبەز بىناكارلىق جەھەتتىكى گۈزەللىكى، مەزمۇتلۇقى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئىتتىكاپخانا زالى تۆت چاسا، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 مېتىر، دىئامېتىرى 11.6 مېتىر كېلىدۇ. تۆت قەۋەت ئۇچلۇق ئەگمە تەكچە چىقىرىش ئارقىلىق يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز قوندۇرۇلغان. گۈمبەز سىرتىغا يېشىل كاھىش ئورنىتىلغان. كايۋان ياغاچ تۈۋرۈك ۋە لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. تۈۋرۈك لىملىرىغا نەقىش ئويۇلغان. ئالدى تەرىپى ياغاچ ۋادەك بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. چوڭ مەسچىت ئازادە ۋە كۆركەم ياسالغان. ئالدى تەرىپى 70 تال ياغاچ تۈۋرۈك بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق قىلىپ يېپىلغان پېشايۋان، ئارقىسى ۋە ئىككى يان تەرىپى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان گۈمبەز

تۇرۇشلۇق زالدىن تەركىب تاپقان. تۈۋرۈك ۋە لىملىرىغا نەقىش ئويۇلغان ۋە گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان. كىشىلەر مازارنىڭ ئەتراپىغا باغ ياساپ، كۆل كولاپ، دەل - دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن. ئاپاق خوجا مازىرى تىپىك ئىسلام بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتى بويىچە ئىنتايىن نەپىس ياسالغان بولغاچقا، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان ئورنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنىمۇ جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى تەسىرىمۇ بىرقەدەر چوڭ. بۇرۇن ئاپاق خوجا مازىرى تاۋاپى ۋە بۇ مازاردا ھەر يىللىق تاۋاپ مەزگىلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان كەڭ كۆلەملىك «ھەزرەت» سەيلىسى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. سەيلە ھەر يىلى ئۈجمە پىشىشقا يېقىن باشلىنىپ، ئۆرۈك پىشقانغا قەدەر داۋاملىشاتتى. سەيلىگە قەشقەردىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاتۇش، يەكەن، خوتەن قاتارلىق باشقا يۇرتلىرىدىنمۇ بوۋاي - موماي، قىز - يىگىتلەر ئۇزاق يوللارنى ھارۋا، ئات، ئېشەكلىك بېسىپ، ھەتتا پىيادە مېڭىپ كېلىشەتتى. «ھەزرەت» سەيلىسى كۆپىنچە جۈمە كۈنى مازارنىڭ ئىچىدە ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. مازار دائىرىسىنىڭ ئىچىدىكىسى ئىچكى سەيلىگاھ، مازارنىڭ سىرتىدىكىسى تاشقى سەيلىگاھ دەپ ئاتىلاتتى. ئىچكى سەيلىگاھ تاشقى سەيلىگاھتىن چوڭ بىر دەرۋازا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. سەيلە مەزگىلىدە كوچىلار ئاۋات رەستىگە ئايلىناتتى، نەغمە - ناۋا قىلىناتتى، سازەندىلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئورۇندايتتى. قىسقىسى، «ھەزرەت» سەيلىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بىر قېتىملىق يەرمەنكە رولىنى

ئوينايتتى. ئۇ قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى يۇرتنىڭ مولچىلىق ۋە باياشاتلىقنى نامايان قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئويۇن - تاماشىغا ئامراق، سەنئەتخۇمار، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ھېرىسمەن خەلق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنىدى.

ئاپاق خوجا مازىرى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلىمى چوڭ ۋە ھازىرغىچە نىسبەتەن ياخشى ساقلانغان قەدىمكى مازار بولۇپ، 1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن. 1988 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «دۆلەت دەرىجىلىك نوقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.

AltunOq



# يۇسۇپ قادىرخان مازىرى



ئۇيغۇر مازار شەكىللىرىدىن كۆرۈنۈش

يۇسۇپ قادىرخان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 8 ـ ئەۋلاد خانى (مىلادىيە 1026 — 1032 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلارنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇدۇن (خوتەن) خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ ئىسلام دىنى مەۋقەسىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە رول ئوينىغان مەشھۇر خانلارنىڭ بىرى. چاغاتايچە قوليازما ھۆججەتلەردىن بىرى «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»دە قەيت قىلىنىشىچە، يۇسۇپ قادىرخان ئۇدۇن بۇددىستلىرىنىڭ ئىسيانىنى باستۇرغان، 1006 ـ يىلى ئۇدۇننى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى قاراخانىيلارنىڭ تەۋەلىك زېمىنىغا ئايلاندۇرغانىكەن.

يۇسۇپ قادىرخان ھاياتىدا ئۇدۇندا قورال كۈچىگە تايىنىپ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە ئۇدۇنغا خان بولۇش، ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىستلارنى قايتىدىن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن بىتىم تۈزۈش، قاراقىتانلار بىلەن جەڭ قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئەينى زاماندىكى باغداد

خەلىپىلىكى تەرىپىدىن «مەلىك ئەل مەشرىق» (شەرقنىڭ خانى) دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا، يۈسۈپ قادىرخان ھىجرىيە 424 - يىلى (مىلادىيە 1032 - يىلى) قەشقەردە ۋاپات بولغان ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى قۇم دەرۋازىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى «گۆرىستان بويى» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ بۇ مازىرى مەقبەرە ۋە تىلاۋەتخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردىن تەركىب تاپقان. مەقبەرە پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئاستى چاسا، ئۈستى يۇمىلاق شەكىلدە. مەقبەرىنىڭ ئاستى يېشىل، ئاق گۈللۈك كاھىش بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئۈستى تەرىپىدىن ئەگمىگىچە بىنەپشە رەڭ كاھىش ئىشلىتىلگەن. تىلاۋەتخانا خىش ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئىچكى ۋە تاشقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. تاشقى تىلاۋەتخانا تۈز تورۇسلۇق، ئىچكى تىلاۋەتخانا گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. مازارنىڭ دەرۋازىسى بىلەن مەقبەرىنىڭ ئىككى تەرىپى، شۇنىڭدەك ھويلىنىڭ تۆت بۇلۇڭى قاتارلىق جايلاردا جەمئىي 10 دىن كۆپرەك يۇمىلاق پەشتاق بار ئىدى. ئومۇمەن، پۈتكۈل قۇرۇلۇش قويۇق ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان.

يۈسۈپ قادىرخان مازىرى 1032 - يىلى بىنا قىلىنغان ئەڭ قەدىمىي مازار بولسىمۇ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى مۇھاپىزەت قىلىنمىغاچقا، ھازىر ئۇنىڭ ئەسلى ھالىتىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس.



# ئارسلانخان مازىرى

ئارسلانخان مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغاق بويىدىكى «دۆلەتباغ» يېزىسى ئارسلانخان كەنتىگە جايلاشقان. بۇ مازار مىلادىيە 998 ـ يىلى بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەرگە قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر خانى ئەبۇل ھەسەن ئەلى بىننى مۇسا سۇلايمان ئارسلانخان (مىلادىيە 978 — 998ـ يىللىرى) نىڭ جەسىتىنىڭ باش قىسمى دەپنە قىلىنغان. بۇ مازارنى يەرلىك كىشىلەر «ئارسلانخېنىم» مازىرى دەپمۇ ئاتايدۇ. ئەلى ئارسلانخاننىڭ تېنىنىڭ ئوردامغا، بېشىنىڭ قەشقەر دۆلەتباغقا دەپنە قىلىنىشىدا تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت تارقالغان: « سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولغاندىن كېيىن ئارغىماق ۋە قورال ـ ياراغقا خىتاب قىپتۇ. سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئېتى باشتىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال باشنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە تىزلىنىپ يېتىپتۇ. قورال ـ ياراغلارمۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېگەرگە غانجۇغلىنىپتۇ. سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشى ئاغزىدا قىلىچ چىشلەكلىك پېتى ئېگەر ئۈستىگە قونۇپتۇ.

ئات باشىنى ئېلىپ كۆپپارلار ئىچىگە ئۇقتەك ئېتىلىپ كىرىپتۇ. سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشى ئاغزىدىكى قىلىچ بىلەن 500 كۆپپارنى جەھەننەمگە يوللاپتۇ، ئاخىردا ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ نەق مەيدانغا ھازىر بوپتۇ. قارىسا، باش يوق تۇرغۇدەك. ئۇلار ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى، لەشكەرلەر باشنى بىرنەچچە كۈن ئىزدەپتۇ. ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ، ئەمما ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئانىسى نۇرئەلانۇرخان كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئوغلىنىڭ نەدىلىكى ئايان بوپتۇ. ئەتىسى بېشارەتكە ئاساسەن باشنى ئىزدەپ مەككە مۇكەررەمگە يول ئاپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ كۆپ مېڭىپتۇ. ئۈچ ئاي بولدى دېگەندە مەككە مۇكەررەمگە ئاران يېتىپ بېرىپتۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەۋزەسىنى تاۋاپ قىلىپ ئولتۇرسا، غايىبتىن: ‹بۈگۈن 40 كۈن بولدى. بۇ تام قەيەردە بولسا، ئوغلىڭىزنىڭ مۇبارەك بېشى شۇ يەردە بولىدۇ› دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. نۇرئەلانۇرخان قەشقەرگە قايتىپ كەپتۇ. قەشقەرنىڭ ھەممە سەھرا ـ قىشلاقلىرىنى ئىزدەپ، ئاخىر غايىب بولغان چىنار تۈۋرۈكلۈك ئۈچ تامنى قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسىدىن تېپىپتۇ، ھەزرىتى سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشى راست شۇ يەردە دەپ ئەقىدە باغلاپ قەبرە ياستىپتۇ، مەسچىت سالدۇرۇپتۇ. ھەزرىتى سەئىد ئەلى ئارسلانخان روھىغا ئاتاپ نەچچە مىڭ قوي، كالا سويدۇرۇپ قەشقەر خەلقىگە نەزىر بېرىپ، خەتمىقۇرئان ئوقۇتۇپ، ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا ئاتاپتۇ.

تاۋاپچىلارنىڭ «ئوردا خېنىم»، «ئارسلانخېنىم» ۋە «ھەزسۇلتىنىم»دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ مازارنى بىرلا ۋاقىتتا ئايلىنىپ چىقىشى، بەلكىم سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قاراخانىيلار خانلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۆز خەلقىنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلغانلىقى، نەۋرىسى ئارسلانخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، تېنىنىڭ «ئوردا خېنىم»دا، بېشىنىڭ «ئارسلانخېنىم»دا قالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.





# بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى

بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بەشكېرەم يېزا بەشتوغراق كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ مازارغا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كەنجى قىزى — نۇرئەلانۇر خېنىمنىڭ سىڭلىسى بۇۋى مەريەم خېنىم دەپنە قىلىنغانىكەن. بۇ مازار ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت بار: بۇۋى مەريەم خېنىم كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ھەم چىرايلىق ئىكەن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇ قىزىنى تەربىيىلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپتۇ، بۇۋى مەريەم زامانداشلىرى ئارىسىدا ئىلىم ئىگىسى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈپتۇ، ئوقيا ئېتىش، چەۋەندازلىق جەھەتلەردىمۇ كامالەتكە يېتىپتۇ. شۇ مەزگىلدە قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇدۇن (خوتەن) بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدا جىددىي ئۇرۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇۋى مەريەم جەڭگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ سەركەردىلەر بىلەن بىللە ئۇرۇش مەيدانى — يېڭىسارغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق بولغاندىن كېيىن، ئاخىر خوتەن بۇددىستلىرى قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنى يېڭىپ، نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى قەتلە قىپتۇ. بۇۋى مەريەم تۇتۇلۇپ قالسا، بۇددىستلار تەرىپىدىن ئاياغ

ئاستى قىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، قېچىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، ئۆزى بىلەن بىرگە بارغان ئالتە (يەنە بىر رىۋايەتتە يەتتە قىز دېيىلىدۇ) قىز بىلەن بىرلىكتە قېچىپتۇ. بەختكە قارشى بەش قىز ئۇ يەردە شېھىت بولۇپ، بۇۋى مەريەم بىلەن يەنە بىر قىز ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ. ئۇلار بەشكېرەم يېزىسىنىڭ بەشتوغراق كەنتىگە كەلگەندە، بۇۋى مەريەم زەھەرلىك يا ئوقى تېگىپ بۇغدايلىقتا يىقىلىپتۇ. بۇ دەل ئورما ۋاقتى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ئورما ئورۇۋاتقانىكەن، بۇۋى مەريەم ئۇلارغا قاراپ: «ئى مۇسۇلمانلار، مېنىڭ ئارقامدىن بۇددىستلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، مېنى يوشۇرۇپ قويۇڭلار ۋە قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقىمنى ئېيتىپ قويماڭلار، ئەگەر ئېيتىپ قويساڭلار، باقىي ئالەمدە ھېسابلىشىمىز» دەپتۇ. دېھقانلار ماقۇل بولۇشۇپتۇ. ئاردىن مەتسەلەي ئىسىملىك بىر دېھقان ئۇنى بۇغدايلىقتىن ئېلىپ خاماندىكى چەشنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بۇددىستلار ئورما ئورۇۋاتقانلاردىن سوراپتۇ. مەتسەلەي بىرىنچى بولۇپ «كۆرمىدۇق» دېگەنىكەن، بۇددىستلار ئۇنى دەرھال چېپىپ تاشلاپتۇ ۋە ئاتۇش تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى بىر قىزنى قوغلاپ كېتىپتۇ.

بۇددىستلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن بۇۋى مەريەم يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ مەتسەلەينى يەرلىكىگە قويۇپتۇ، ئاندىن ئۆزى يىقىلغان يەرگە كەپتۇ ۋە «ئاللا مېنى مۇشۇ يەرگە يىقىتتى، مېنىڭ ئاخىرەتتە ياتىدىغان جايىم مۇشۇ بولسۇن» دەپ ئۇ يەرگە بىر گۈمبەز ياسىتىپ، گۆر كولىتىپتۇ، دەل گۈمبەز پۈتكەن كۈنى بۇۋى مەريەم قازا قىپتۇ. شۇ يىلى بۇۋى مەريەم 17 ياشقا كىرگەن بولۇپ، تېخى ياتلىق بولمىغانىكەن.

كېيىن كىشىلەر بۇۋى مەريەمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مەتسەلەي ئاكىنىڭ قەبرىسىنى ياسىتىپتۇ ھەم بۇ كىشىنىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ «مەتسەلەي ئورما خوجام» دەپ تەرىپلەپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئورما پىرى قىلىۋاپتۇ. مەتسەلەي ئاكىنىڭ مازىرى ھازىرقى ئاۋات بېزىسىنىڭ قالۇق كەنتىدە بولۇپ، ھازىرمۇ كىشىلەر ئورما ۋاقتىدا بۇغدايلىقتا بېرىپلا قولىغا ئورغاقنى ئېلىپ «يا مەتسەلەيكا ئورما خوجام پىرىم» دەۋېتىپ ئاندىن ئورما ئورۇشنى باشلايدىكەن. بولمىسا يا ئورمىسى ئاۋۇماسمىش، ياكى پۇت ـ قوللىرىنى كېسىۋالارمىش.

بۇ مازار 50 ـ يىللاردىن بۇرۇن ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىدى، بەش دەرۋازىدىن كىرىپ ئاندىن مازارغا يەتكىلى بولاتتى، بىرىنچى دەرۋازا ئالدىدا شەربەتكۆل جايلاشقان، دەرۋازىدىن كىرگەندە، ئىككى تەرىپىدە ئاقسارايى، مەدرىسە ۋە باشقا تۆت ئېغىز ھۇجرا بار ئىدى، بىرىنچى دەرۋازىدىن ئىككىنچى دەرۋازىغا بارغۇچە ئىككى تەرىپى كۆنگىرىلىك، 1.80 مېتىر ئېگىزلىكتە، 150 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كارىدور بار بولۇپ، بۇ كارىدور ئارقىلىق بۇۋى مەريەم مەقبەرىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باغلارغا بارغىلى بولاتتى. ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ مازارنىڭ 300 مودەك ۋەخپىسى بولغان. ئۆتمۈشتە بۇ يەردە ھەر يىلى بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى سەيلىسى دەپ ئاتىلىدىغان داغدۇغىلىق سەيلە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلەتتى.

بۇۋى مەريەم مازىرى 1960 ـ يىللىرى چېقىۋېتىلىپ، ياغاچ ـ تاشلىرى تالان ـ تاراج قىلىنغان، پەقەت بۇۋى مەريەم خېنىمنىڭ مەقبەرىسى ساقلاپ قېلىنغان. كېيىن ئاممىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن قايتا رېمونت قىلىنغان.

بۇۋى مەريەم مەقبەرىسىنىڭ ئۈستى گۈمبەز قۇرۇلمىلىق، ئاستى چاسا شەكىلدە بولۇپ، كۆلىمى

6.56×5.6 مېتىر، تېمىنىڭ قېلىنلىقى 0.87 مېتىر كېلىدۇ. 4.80 مېتىر ئېگىزلىكتىكى گۈمبەزنى قوشقاندا ئومۇمىي ئېگىزلىكى 9.80 مېتىر. گۈمبەزنىڭ ئىچىدىن قارىغاندا تۆت بۇلۇڭلۇق بولۇپ، تاملىرىغا مېھراب شەكلىدە نەقىش ئويۇلغان، تاملىرى بىر خىل كۆل رەڭ گەج بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۈستى تەرىپىگە ياغاچ ئىشلىتىلمىگەن. بىراق ئۇل قىسمىدا 0.4×0.4 مېتىرلىق قىلىپ چاسىلانغان ۋە تۆمۈر چەمبەر سېلىنغان ياغاچ بار. گۈمبەزگە ئىشلىتىلگەن پىششىق خىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.29 مېتىر، كەڭلىكى 0.14 مېتىر، قېلىنلىقى 0.07 مېتىر، گۈمبەزنىڭ ئىچىدىكى قەبرە ئەتراپىغا 0.28×0.28 مېتىرلىق چاسا پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان. گۈمبەزنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ئېگىزلىكى 1.75 مېتىر، كەڭلىكى 1.45 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ نەقىشلىك دېرىزىلەر بار. بۇ گۈمبەز ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مېمارچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ گۈمبەزنىڭ قايتا ياسالغىنىغا 100 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، خىلمۇخىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ مەزمۇت تۇرماقتا.

بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى قەشقەر ئاياللىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. مازارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر ــ بىرىگە ئوخشايدىغان، چوڭ ــ كىچىكلىكى پەرقلىق بولغان 7 ــ 8 دانە تاش دۆۋىلەپ قويۇلغان. مازار شەيخىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تاشلار ئەسلىي بىر دانە بولۇپ، بىرىدىن بىرى تۇغۇلۇپ كۆپەيگەنمىش. بالا تەلەپ قىلىدىغان ۋە ياكى بويىدا بار ئاياللار بۇ خىسلەتلىك تاشلارنى سىلايدىكەن ياكى تاشنى كۆتۈرۈپ قەبرىنى ئۈچ ئايلىنىدىكەن. شۇنداق قىلسا ھامىلىدار بولارمىش ياكى تۇغۇتى ئوڭاي بولارمىش؛ سۆگەلى بارلار شۇ تاشلارغا قولىنى

سۈركىسە، سۆگىلى چۈشۈپ كېتەرمىش؛ بېلى ئاغرىيدىغانلار بېلىگە سۈركىسە، بېلى ساقىيارمىش. بۇۋى مەريەم خېنىم قەبرىگاھىغا 100 مېتىرچە قالغان ئورۇندا بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار. بۇ دەرەخنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئۈچ كامار بار. ئۇ بۆشۈك ئانا دەپ ئاتىلىدىكەن. بالا تەلەپ قىلىدىغان ئاياللار قولىنى شۇ كامارغا تىقىپ قولىغا نېمە چىقسا شۇنى يەيدىكەن. بەزىدە بۇغداي، قوناق، سامان ياكى ئۇششاق قۇرتلار چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق بۆشۈك ئانام «ئوردام»دىمۇ بار. بۇنىڭدىن باشقا توققۇزاقنىڭ سايۋاغ دېگەن يېرىدىمۇ «بۆشۈك ئانام» دەپ بىر مازار بار. ئەگەر چاقا چىقىپ قالسا، بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرىدىكى چىراغنى ياندۇرۇپ، كۆيۈۋاتقان ياغدىن ئازراق ئېلىپ سۈرتۈپ قويسا ساقىيىپ قالارمىش. ھازىر بۇ مازارغا ھەر چارشەنبە كۈنى ئاياللار كۆپ كېلىدۇ. ئاياللار بىر ياغلىققا ئازراق ئۇن تۈگۈپ ۋە تۆت سەر ياغ كۆتۈرۈپ كەلسە، مازاردىكى ئامبارچى ئايال شۇ ئۇن ۋە ياغ بىلەن ئۇماچ چالىدۇ. ئاياللار يىغىلىشىپ دۇئا ــ تىلاۋەت قىلىشىپ، ئۇماچتىن ئىچىپ كېتىشىدۇ.

بۇ ئەتراپتا يەنە بۇۋى مەريەم خېنىمغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن رىۋايەت ۋە ئادەتلەر ساقلانغان. بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئەسلىي بۇ ئەتراپتا سۇ كەمچىل ئىكەن، بۇۋى مەريەم خېنىم مەتسەلەينىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزغانلىقىغا ئاتۇشتىن سۇ ئەكېلىپ بېرىپ رەھمىتىنى بىلدۈرمەكچى بوپتۇ. بۇۋى مەريەم خېنىم ئۈستۈن ئاتۇشتىكى سۇغا ھۆددە دەپ قارالغان مازار «سۇلتۇنۇم» (ھەزسۇلتۇنۇممۇ دېيىلىدۇ)غا سۇ ئىزدەپ بارسا بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. بوۋاي نېمىگە كەلگەنلىكىنى سورىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي بۇۋى مەريەم خېنىمغا

«ئۇنداق بولسا كەينىڭگە قارىماي ماڭ، سۇ كەينىڭدىن بارىدۇ» دەپتۇ. ئۇ كەينىگە قارىماي مېڭىپ يۇرتىدىكى كۆۋرۈك بېشىغا كەلگەندە، سۇ بارمۇ ـ يوق دەپ كەينىگە قارىسا، نۇرغۇن سۇ دەريا بولۇپ كېلىۋاتقۇدەك. بۇ دەل ھازىرقى چاقماق دەرياسى ئىكەن، ئۇنىڭ بەزىدە كېلىپ، بەزىدە توختاپ قېلىشى بۇۋى مەريەم خېنىمنىڭ كەينىگە قاراپ سالغانلىقىدىن بولغانمىش. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇستۇن ئاتۇشتىن تارتىپ تاكى بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرىغىچە بۇۋى مەريەم خېنىمنىڭ ئۆستىڭى دەپ بىر ئېرىق سۇ ئاققانىكەن.

شۇنىڭدىن تارتىپ بەشكېرەمگە چېچەك مەزگىلىدە سۇ كەلمىسە، يۇرتتا ۋەكىل بولۇپ بىرقانچە ئاقساقال بىر قوي، بىر تاغار ئاشلىق، ياغ ئېلىپ ئاتۇشتىكى سۇلتۇنۇمغا بارىدىغان بولغان. بەرلىك بىر كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇرۇن قوينىڭ قېنىنى ھەزسۇلتۇنۇمدىكى ئۆستەڭگە ئاققۇزۇپ، سۇ تەلەپ قىلىش ئادىتى بولغانىكەن. ئۇلار سۇ تەلەپ قىلىپ يۇرتقا كېلىپ بولغۇچە، سۇمۇ كەينىدىن كېلىپ بولارمىش.

بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى 1991 ـ يىلى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» دەپ ئېلان قىلىنغان.

# ئىمام رەببانى مازىرى



ئۇيغۇر مازار شەكىللىرىدىن كۆرۈنۈش

ئىمام رەببانى مازىرى، ئىمام رەببانۇم مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مازار قەشقەر شەھىرى قۇم دەرۋازا ئارىپ ھاجىم كوچىسى 36 ـ نومۇرلۇق قورۇ ئىچىدە بولۇپ، 17 ـ ئەسىردە شەكىللەنگەن. بۇ مازار ئەينى زاماندا 10 مودىن ئارتۇق يەرنى ئىگىلىگەن، گۈمبەز، خانىقا ـ مەسچىتلىرى بولغان، نەچچە 10 شەيخ، جارۇپكەشلەر مۇھاپىزەت قىلىدىغان، ھېيت ـ ئايەم، تۈنەك كۈنلىرى كىشىلەر يىغىلىپ، زىكرى ـ سۆھبەت ئېلىپ بارىدىغان جاي ئىدى. ئەمما 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئۆزئارا كۆرىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ مازار چۆلدەرەپ قالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مازار ئىگىسىز قېلىپ، رېمونت قىلىنماي تاشلىنىپ قالغانلىقتىن گۈمبەزلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، خانىقا ـ مەسچىتلىرى ۋەيران بولۇپ كەتكەن. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بىر قىسىم ئۆيسىز قالغان كىشىلەر مازار خارابىلىكى ئۈستىگە ئۆي سېلىۋالغان. ھازىر بۇ يەردە بىرلا قەبرە قالغان. بۇ قەبرىدە ياتقان ئىمام رەببانى دېگەن كىشى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ شاگىرتى مەۋلانە شەيخ ئابدۇللا دېگەن كىشى.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئىمام رەببانى ئەسلىدە

ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى ھۇمايۇن ئىبنى ئەكبەر (مىلادىيە 1556 — 1605 - يىللىرى) بىلەن ئەكبەر ئىبنى نۇرىددىن جاھانگىر (مىلادىيە 1605 — 1627 - يىللىرى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ياشىغان، ھىندىستاندىكى تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناسى، دىنىي داھىيسى بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى ئابدۇلھەل بىننى ئەخمەد ئىدى. ئۇ 1564 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1625 - يىلى ۋاپات بولغان. ئىمام رەببانىنىڭ تەلىماتى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولۇپ، قەشقەرلىك مەۋلانە شەيخ ئابدۇللا ھەزرەت دېگەن كىشى ئىمام رەببانى مەزھىپىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرى. ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھازىرقى ئۆستەڭبويى كوچا قاسقان بازىرى تەۋەسىدىكى ئارىپ ھاجىم كوچىسى ئورنىدا چوڭ بىر خانىقا ۋە مەدرىسە سالغۇزۇپ، ئىمام رەببانى مەزھىپىنى تارقىتىش، تەشۋىق - تەرغىب قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جەسىتىنى ئۇنىڭ مۇرىتلىرى شۇ يەردىكى خانىقانىڭ قېشىغا دەپنە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ مازار «ئىمام رەببانى» مازىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ مازار ھازىر «شەھەر دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلدى.

مازارنىڭ تۆت ئەتراپى شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ، مازارغا 36 - نومۇرلۇق ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق ئاغچىگۈل نىيازنىڭ ھويلىسى ئارقىلىق كىرگىلى بولىدۇ.



# ئوردا پادىشاھىم مازىرى

ئوردا پادىشاھىم مازىرى — ئەلى ئارسلانخان مازىرى بولۇپ، «ئوردا خېنىم»، «ئوردام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مازار قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، يوپۇرغا ناھىيىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى «بۇغراقۇم» چوڭ قۇملۇقىنىڭ يېڭىشەھەر تەرەپ بۆلىكىدە، يەنى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 125 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇق ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، يېڭىشەھەر ناھىيىسى ھاراپ يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بىلەن ئارىلىقى 24 كىلومېتىر. مازاردا ياتقان كىشى قاراخانىيلارنىڭ خانى ئەلى ئارسلانخان (مىلادىيە 978 — 998 - يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن) بولۇپ، 14 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخچىسى جامال قارشى ئۆزىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىنىڭ

تولۇقلىمىسى» نامىلىق ئەسىرىدە، بۇ خاننىڭ ئىسىم ــ شەرىپىنى: «سەئىد ئەلى ئارسلانخان ئىبىل شېھىد ئەبۇلھەسەن بىنىنى باىتاش ئارسلانخان بىنىنى ساتۇق بۇغراخان» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەبۇل ھەسەن ئەلى بۇغراخاننىڭ ئوغلى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلى ئارسلانخان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، بۇرۇن ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇدۇن (خوتەن) خانلىقىنىڭ خانى خالخان ماچىن ۋە چىكالولار ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ، قاراخانىيلار خانلىقىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلام قوشۇنلىرىغا ئۇزلۇكسىز ھۇجۇم قىلغان. مىلادىيە 996 ــ يىلى قەشقەردىكى نوختى رەشىد، چوقتى رەشىد باشچىلىقىدىكى بۇددا دىنىغا يېنىۋالغان مۇرتلار ئۇدۇن بۇددىستلىرىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، قەشقەردە كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلغان. بۇ چاغدا ئەلى ئارسلانخان ماۋەرائۇننەھر رايونىنى قوغداۋاتقان خانلىقنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىپ، قەشقەردىكى ئۆكتىچى بۇددا دىنى مۇرتلىرىنى ئارمار قىلغان. مەغلۇپ بولغان بۇددا دىنى مۇرتلىرى نوختى رەشىد، چوقتى رەشىدنىڭ باشچىلىقىدا ئۇدۇنغا قېچىپ بېرىپ ياردەم سورىغان. مىلادىيە 998 ــ يىلى ئۇدۇن بۇددىستلار قوشۇنى قەشقەردىكى بۇددا دىنى مۇرتلىرى بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىيلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان. ئىككى تەرەپ يېڭىسارنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چۆللۈكتە كەسكىن جەڭ قىلغان. ئۇرۇشتا ئۇدۇن بۇددىست قوشۇنلىرى غەلىبە قىلىپ، ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولغان. بۇددىست

قوشۇنلار ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ قەشقەر ئەسكىسار قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىغا مىخلاپ، مۇسۇلمانلارغا ئىبرەت قىلماقچى بولغان. شېھىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ باشسىز جەسىتى ئۇرۇشتا قازا قىلغان ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ جەسىتى بىلەن ئوردام چۆللۈكىگە دەپنە قىلىنغان. بۇ جاينى كىشىلەر «قۇمى شېھىتان» ۋە «ئالتۇن رەۋزە» دەپ ئاتىماقتا. ئېيتىشىلارغا قارىغاندا، شېھىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا دەپنە قىلىنغانمىش، بۇ جاينى كىشىلەر «ئارسلانخان مازىرى» دەپ ئاتىماقتا.

ئوردام مازىرى تەسىر دائىرىسى ۋە پائالىيەت كۆلىمى جەھەتتىن ئالغاندا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ مەشھۇر چوڭ مازار بولۇپ، شىنجاڭدىكى باشقا مازارلاردىن پەرقلىق بولغان پائالىيەت مەزمۇنى ۋە تاۋاپ شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ھەر يىلى كونا يىلنامە بويىچە مۇھەررەم (1 ـ ئاي) ۋە شەئبان (8 ـ ئاي)، يەنى ھوشۇر ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى بىلەن بارات ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى بۇ مازارغا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە جايىدىن كىشىلەر تاۋاپقا كېلىدۇ، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىن كەلگەنلەر تۇغلارنى كۆتۈرۈشۈپ، داپ، ناغرا، سۇنايلارنى خەلق ئاھاڭلىرىغا چېلىشىپ، ئات، ئېشەك ھارۋىلىرى بىلەن ئوردامغا مېڭىشىدۇ. ئوردام شەيخىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر يۇرتتىن 100 ئادەم كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ 40 — 50 ىنىڭ قولىدا بايرىقى بار ئىكەن. بايراقنىڭ رەڭگى ئاق، يېشىل، ھال رەڭ، سېرىق؛ شەكلى ئۈچ بۇرجەك، ھەرە چىشلىق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 10 — 20 ئادەمنىڭ قولىدا دېپى بار ئىكەن. ئۇلار ئۇدۇللا ئوردامغا كەلمەيدۇ، ئالدى بىلەن يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر كەنتىدىكى ھەسەن

بۇغراخان ۋە ھۈسەيىن بۇغراخاننىڭ مازىرىدا بىر كۈن پائالىيەت قىلىشىدۇ. بۇ پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇپ يېڭىسارنىڭ ساغاننىڭ يولى بىلەن مېڭىپ، ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشىغا يەتمەستىن بۇرۇن ھەزرىتى بېگىم دېگەن مازار بار. بۇ مازاردا بىر - ئىككى كۈن پائالىيەت قىلىدۇ. ئاندىن ئۇزدامغا كېلىپ ئارسلانخاننىڭ يەرلىكىنى تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ يەردە پائالىيەت ئۈچ كۈن بولىدۇ. بۇ يەردىن قەشقەردىكى دۆلەتباغقا بېرىپ ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشىنى تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ يەردىمۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈز پائالىيەت بولىدۇ، بۇ يەردىن يېنىپ ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ، ئومۇمىي پائالىيەت ۋاقتى 15 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ، ئۇردامغا 16 كىلومېتىر قالغاندا يول ئۈستىدە «دوست بۇلىقىم» بار، بۇ يەر ئۇردامغا ماڭغانلارنى ناغرا چېلىپ كۈتۈۋالىدىغان ناغرىخانا. بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەر بۇلاق بېشىدا چەمبىرەك بولۇپ تىزىلىشىپ «يادوست، يادوست» دەپ دوست تارتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «يادوست» دەپ دوست تارتسا، بۇلاقتىكى سۇ ئۇقچۇيدىكەن. يۇرت - يۇرتلاردىن توپلىشىپ تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەر يېقىن بارغاندا ئۇردامغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئۇردامدىكى ھەرقايسى يۇرتلارغا ۋەكىل بولۇپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەشكىللىنىپ، قاتار ئولتۇرغان 8 — 10 شەيخ بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئۇلارغا «پالانى يۇرتتىن مانچە ئادەم كەلگەنتۇق» دەپ خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، شەيخلەر خۇش - مەرھەمەت دەپ رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن ئاندىن مەيدانغا كىرىپ پائالىيەتكە قاتنىشىدۇ. ھەرقايسى يۇرتتىكىلەر ئەنە ئاشۇ تەرتىپ بويىچە ئۇردامغا كىرىشىدۇ، ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغۇچە ئالدىن كەلگەنلەر

سورۇن راسلاپ، داقا ـ دۇمباق چېلىپ، ساما سالىدۇ. مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى ئوردامغا كېلىدىغانلار ئاساسەن كېلىپ بولىدۇ ۋە پائالىيەت رەسمىي باشلىنىدۇ. ئۇ يەردىكى «كاخانا» دا ھازىرمۇ دىئامېتىرى ئۈچ مېتىر، چوڭقۇرلۇقى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان چوڭ داش قازان بار، ئۇ ئالتۇن داش دەپ ئاتىلىدۇ. ئاشپەزلەر ئوچاق تۆپىسىگە شوتا قويۇپ چىقىدۇ. يۇرت ـ يۇرتلاردىن كەلگەنلەر ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، كالا، قوي، توخۇ، ئاشلىق، ماي، سەي ـ كۆكتات ۋە ئوتۇن ئالغاچ كېلىپ كاخانىغا مەسئۇل شەيخقە بېرىدۇ. شەيخ بۇ نەرسىلەرنىڭ مۇۋاپىق قىسمىنى داشقا سېلىشقا بېرىدۇ. ئالتۇن داشنىڭ تامىقىنى خالايىق تالىشىپ يېيىشىدۇ. بۇ يەردە ئىككى كۈن خەتمىقۇرئان، ھەلقە پائالىيەتلىرى بولىدۇ.

تاۋاپچىلارنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىدىن بىرى «تۇغ كۆرۈشتۇرۇش» مۇراسىمىدۇر. ھەر قېتىملىق ئايەم ئاياغلىشىدىغان كۈنى (مۇھەررەم ئېيىنىڭ 13 ـ كۈنى) «دورغا بېگىم» بىلەن «كاخانا» دەپ ئاتىلىدىغان جايدا (بۇ جاي ئوردام مەھەللىسىدە) «تۇغ كۆرۈشتۇرۇش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ ئوردام سەيلىسىنىڭ ئەۋجىگە چىققان كۈنىدۇر. تۇغ كۆرۈشتۇرۇش سورۇنى كىشىگە چوڭ جەڭ مەيدانىنى ئەسلىتىدۇ. نەچچە تەرەپتىن تۇغ كۆتۈرگەن بىرەر مىڭ كىشى داقا ـ دۇمباقلارنى چېلىشىپ چىقىدۇ. ئۇلار تۇغلارنى بىر يەرگە جەملەيدۇ. مەۋلۇت ئوقۇپ بىر ـ ئىككى يۈز قارى قىرائەت قىلىدۇ، كىشىلەر ئەكەلگەن تۇغ ـ ئەلەم شەددىلەرنى «رەۋزە مۇبارەك» (شېھىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ تېنى كۆمۈلگەن دەپ رىۋايەت قىلىنغان ئورۇن )كە قادايدۇ. تاۋاپكارلار ناغرا ـ سۇناي، داقا ـ دۇمباقلار بىلەن توپ ـ توپ بولۇپ «ھەلق» قىلىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئوردام

چۆللۈكى ئىچىدىكى بۇ مازار ئەتراپى قايناق، ئاۋات بازارغا ئايلىنىدۇ. خالايىق ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن 10 نەچچە شەيخنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەلى ئارسلانخاننىڭ تېنى دەپنە قىلىنغان يەرگە كېلىپ «تۇغ باغلاش» مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئەلى ئارسلانخاننىڭ تېنى كۆمۈلگەن دەپ قارالغان يەردە سۆگەت بادرىسىدا قىلىنغان ئېگىز شەددىلەر بار. ئۇنىڭغا ساناقسىز تۇغ ـ ئەلەملەر قادالغان، ئەتراپىغا شوتا قويۇلغان. بۇ چاغدا ھەر يۇرتتىن كەلگەن تاۋاپچىلار ئارىسىدىن ۋەكىللەر سايلىنىدۇ. «باشلاندى» دېگەن بۇيرۇق بېرىلىشى بىلەنلا بۇ ۋەكىللەر تېزلىك بىلەن شادىنىڭ ئۈستىگە چىقىشىپ قوللىرىدىكى تۇغلىرىنى قاداپ قويۇپ چۈشۈشىدۇ. ئۇلار چۈشۈشى بىلەن تاۋاپ ئەھلى ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئاندىن ناغرا، سۇناي چېلىنىپ شادىيانە ئۇسۇللار باشلىنىدۇ. بىرەر سائەت پائالىيەت قىلغاندىن كېيىن شەيخ «تىنچلىنىڭلار» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ، ئاندىن خەتمىقۇرئان باشلىنىپ، دۇئا قىلىشىپ قايتىدۇ.

ئوردام مازىرى تاۋاپتى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان زەنجىرسىمان مازارلار توپىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئوردامغا مۇناسىۋەتلىك مازارلار 20 دىن ئاشىدۇ.

ئوردامغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمەلەردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

1. ئالتۇن رەۋزە: ئالتۇن رەۋزەم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ شېھىت ئارسلانخاننىڭ تېنى كۆمۈلگەن جاي. رىۋايەت قىلىنىشىچە، شۇ چاغدا ئەۋلىيالار ھەممە مازارغا تۇغ قاداپ كېلىپ، ئەلى ئارسلانخاننىڭ ياتقان يېرىنى ئىزدەپ ئالتۇن رەۋزەمگە كەلگەن، بۇ چاغدا باشقا مازارلارنىڭ روھلىرى «مەن ماۋۇ يەردە» دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەن. ئەمما ئەلى ئارسلانخاننىڭ روھى كەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار

ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشىغا تاۋاپ قىلمىساق كەتمەيمىز دەپ، ئالتۇن رەۋزىنىڭ يېنىدىكى بىر شورلۇقتا 40 كۈن يېتىۋالغانىمىش. ئەلى ئارسلانخاننىڭ روھى ئۇلارغا «كىشىلەر مېنىڭ بېشىمغا كېلىپ دۇئا قىلمىز دېسە، بېشىمنى دەسسەپ قويىدۇ، شۇڭا مۇشۇ يەردە دۇئا قىلساڭلار ماڭا يېتىدۇ» دەپ تۇغ قادايدىغان جاينى كۆرسىتىپ بېرىپتۇمىش. شۇنىڭدىن كېيىن تاۋاپقا كەلگەنلەر شۇ جايغا تۇغ تىكىپ، دۇئا قىلىدىغان بولۇپتۇ. بۇ يەر ئالتۇن رەۋزە دېيىلىپتۇ. تۇغ ئۇستى ـ ئۇستىگە قادىلىۋېرىپ، تۇغ قادايدىغان شادىنىڭ ئېگىزلىكى 20 نەچچە مېتىرغا يەتكەن، تۇغ قادايدىغانلار شوتا بىلەن چىقىپ قادايدۇ، ئۇنىڭدا سان ـ ساناقسىز تۇغلار لەپىلدەپ تۇرىدۇ.

2. دورغا بېگىم: ئوردام پائالىيەت مەيدانىدا بولۇپ، بۇ جايدا تۇغ كۆرۈش ـ تونۇش مۇراسىمى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ ئوردامنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بولۇپ، ئەلى ئارسلانخاننىڭ تېنى كۆمۈلگەن جايغا بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ كىشى ئەلى ئارسلانخاننىڭ دورغىسى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

3. كاخانا ياكى كاخانام — بۇ كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆي بولۇپ، بۇ يەردە ئەكەلگەن ماللار قۇربانلىق قىلىنىدۇ ۋە داش قاينىتىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، كاخانامغا دۇئا قىلغاندا، ئالتۇن داش، ئالتۇن شام داخانلىرىم دەپ دۇئا قىلىنىدىكەن، بۇرۇن ئوردا پادىشاھىم مازىرىدا يەنە گىرۋەكلىرىگە تۇچ يالىتىلغان ئىككى داش قازان بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنىڭ بوزىگە ھىجرىيە 1281– يىلى (مىلادىيە 1864– يىلى)، يەنە بىرىگە ھىجرىيە 1328– يىلى (مىلادىيە 1910– يىلى) دەپ يېزىلغان. بۇ ئىككى چوڭ داش پولات تاۋلاش ھەرىكىتى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇزۇۋېتىلگەن. ھازىرقى داشمۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ،

چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «ئالتۇن داش» دەپ ئاتىشىدۇ.

4. قەلەندەر خېنىم — ئاشىقلار كېلىپ ئولتۇرۇپ ساپايى چېلىپ، قوي يۇڭى بىلەن بوي سىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن. بۇ يەردە بىر كىچىك قورۇ ئىچىدە بىرقانچە ئېغىز ئۆي بار. قورۇ ئىچىگە توغ ـ ئەلەملەر قادىۋېتىلگەن. ئۇلار ئوردامدا پائالىيەت بولمىغان چاغلاردىمۇ كېلىۋېرىدۇ.

5. ھاجەتقۇم: ئەلى ئارسلانخاننىڭ تۇغى قادالغان ئالتۇن رەۋزىگە ئاياللار كۆپ بارالمايدۇ، ئۇلار قۇمنىڭ كەينىدىكى مەخسۇس ئاياللار بارىدىغان ھاجەتقۇم دېگەن جايغا بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشىدۇ، پۇت ـ قولى، بېلى ئاغرىيدىغانلار قۇمغا كۆمۈلىدۇ. بۇ يەردە يەنە «بۆشۈك ئانام» دېگەن يەر بار. ئاياللار بالا تەلەپ قىلىپ قولىنى «بۆشۈك ئانام»غا تىقىپ، نېمە چىقسا شۇنى يەيدۇ.

ئوردام پائالىيىتى دىنىي تۈستىكى مۇراسىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەڭ مۇھىمى چۆل ئارىسىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش، كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە ئايلانغان.

بۇ جاي ھەر قېتىمقى تاۋاپ ۋاقتىدا قايناق بازارغا ئايلىنىدۇ، ئازادلىقتىن بۇرۇن تاۋاپقا كېلىدىغانلارنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى چاغلارغىچە ئوردام پائالىيىتى چەكلەنگەن، 80 ـ يىللاردىن كېيىن يەنە تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان، 90 ـ يىللاردىن كېيىن پارتىيىنىڭ توغرا دىن سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوردام پائالىيىتى نورمال ھالدا قايتىدىن قىزىشقا باشلىغان. پائالىيەت

مەزگىلىدە ھاراپ بېزىسىدىن ئوردامغىچە بولغان 30 نەچچە كىلومېتىر يول قايناق بازارغا ئايلىنىدۇ، توپىلىق، قۇملۇق دەشتىنىڭ ئىككى قاسنىقى تىجارەتچىلەر بىلەن تولىدۇ. ئوردام شەيخىنىڭ ئېيتىشىچە، ئوردامغا % 70 ئەر كىشى كىرسە، 30% ئايال كىشى؛ 60% قېرىلار كىرسە، 40% ياشلار كىرىدىكەن. ئوردامدا تاۋاپ پائالىيىتىدىن باشقا يەنە داستان ئېيتىش، مەشرەپ، چېلىنىش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، دارۋازلىق قاتارلىق خىلمۇخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ياش قىز- ئوغۇللارغا ئۆز- ئارا تونۇشۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا، ئوردام پائالىيىتىنى بەزىلەر ئوردام سەيلىسى دەپ ئاتاپ كەلگەن.





ئۇيغۇر مازارلىرىدىكى چىلىشىش پائالىيەتلىرى

# چۈجە پادىشاھىم مازىرى

چۈجە پادىشاھىم مازىرى (يەرلىكلەر چۈجە پاشىشىم دەپ ئاتايدۇ) ئوردا پادىشاھىم مازىرىغا ئوخشاش جەنۇبىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە تەسىرى چوڭراق مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە بەش كىلومېتىر كېلىدىغان لەڭگەر كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان.

يەرلىك رىۋايەتلەردە، چۈجە پادىشاھىم مازىرىغا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى ھەسەن بۇغراخان ۋە ھۈسەيىن بۇغراخانلار دەپنە قىلىنغان دېيىلىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھەسەن بۇغراخان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، سۇلايماننىڭ ئوغلى بولۇپ، تەخەللۇسى ھارۇن ئىدى. ئۇ بالاساغۇنغا ئىلىك خان بولغان. مىلادىيە 990 ـ يىلى غەربتىكى سامانىيلارنىڭ ھۇجۇمى ئەۋج ئالغانلىقتىن، سامانىيلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن سەمەرقەند تەرەپكە يۈرۈش قىلغان، مىلادىيە 993 ـ

يىلى (بەزى ماتېرىياللاردا 992 ـ يىلى دېيىلگەن) سەمەرقەندتىن بۇخاراغا قايتىشىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ھەسەن بۇغراخان ھەققىدە مىرزا ھەيدەر كوراگان ۋە مىرزا مۇھەممەد جۇراسلارنىڭ «تارىخى رەشىدى» ۋە «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» ناملىق ئەسىرىدە: «مەھمۇد قەشقەرى <بۇۋىمىز> دەپ ئاتىغان كىشى ھىجرىيە 382 ـ يىللار (مىلادىيە 992 ـ يىلى) بۇخارانى سامانىيلار قولىدىن ئالغان ھارۇن ئەل ھۇسەيىن (بۇ ئەسلىي ھەسەن بولۇشى كېرەك ــ ئاپتوردىن) بىننى سۇلايمان بولۇپ چىقىدۇ. بۇ كىشى خوتەننى بويسۇندۇرغان يۇسۇپ قادىرخاننىڭ دادىسى ئىدى» دېيىلگەن.

ئەمما خەلق ئىچىدە تارقالغان رىۋايەتلەردە، ھەسەن بۇغراخان مىلادىيە 992 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ئاقساس سۇ ئامبىرى ئەتراپىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا شېھىت بولغان. جەسىتى شۇ چاغدىكى ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ تۇرار جايى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەھەر يېزىسىغا قاراشلىق لەڭگەر كەنتىگە دەپنە قىلىنغان دېيىلىدۇ.

ھەسەن بۇغراخان ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك رىۋايەتلەر تارقالغان: «ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان يېڭىساردا ئۇدۇن ئۇيغۇر بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندا بىر قۇملۇقنىڭ ئىچىگە قامىلىپ قاپتۇ. يەتتە كۈنگىچە بىر قەترە سۇ تېپىلماپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتا جەڭ قىلىشقا مادارى قالماپتۇ. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى ھەق سۇبھانە تائالاغا سېغىنىپ تەۋەججۇ قىلىپتۇ. شۇ سائەتتە خۇدايىتائالانىڭ رەھمى ۋە ئىنايىتى بىرلە ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئالدىدا ئىككى پاك سۇرەت پەيدا بولۇپتۇ. بۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا ئالتۇن پىيالە، يەنە بىرىنىڭ

قولىدا ئالتۇن ئاپتۇۋا بار ئىكەن، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى ئۇلاردىن: «بۇ نېمە؟» دەپ سوراپتۇ، ئۇ ئىككىيلەن: «زەمزەم سۈيى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە قولىدىكى پىيالە بىلەن ئاپتۇۋىنى ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخانغا بېرىپتۇ، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى بۇ سۇدىن بىر پىيالىسىنى ئىچىپ، قالغىنىدا تەرەت ئېلىپ ئىككى رەكەت شۈكۈرانە نامازى ئوقۇپتۇ. نامازدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە نالە - زار قىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئارقىسىغا قارىسا تەرەتتىن سۇ تۆكۈلگەن ئىككى جايغا سۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇمىش. تەرەت ئالغان جايغا سانجىپ قويغان ھاسىسىمۇ كۆكلەپ قاپتۇمىش. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن بۇغراخان غازى بۇ جايغا «دەشتى كۆل» دەپ نام بېرىپتۇ ھەمدە «بىزنىڭ قارارگاھىمىز مۇشۇ ئىكەن» دەپ بىلىپتۇ. مۇسۇلمانلارنى سۇدىن قانغۇچە ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان بۇ جايدا بىرنەچچە كۈن بۇددىستلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپتۇ. بىراق، بۇددىستلار غالىب كەپتۇ. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان مۇھەررەمنىڭ 14 - كۈنى چارشەنبىدە شېھىت بولۇپتۇ. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنىپ، «چۇجە پادىشاھىم» مازىرى نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپتۇ.»

ئۇلار توغرۇلۇق يەنە مۇنداق رىۋايەتمۇ تارقالغان: «ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھىم يېڭىسار مەۋزەئى - ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان، ھۈسەيىن (بۇ يەردە ئەسلى مۇسا بۇغراخان دەپ ئېلىنىشى كېرەك ئىدى — ئاپتوردىن) بۇغراخانلار شاھادەت تاپقان يەرگە قاراپ يولغا چىقتى. . . ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى ماتەمدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئاتلىرى ھەسەن بۇغراخان بىلەن ھۈسەيىن بۇغراخاننىڭ تەندىن جۇدا بولغان باشلىرىنى بىر

يەرگە ئەكىلىپ، يۇزلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ، ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ياتقان شەكىلگە كىرگۈزۈپ، جايى مەنزىلگە دەپنە قىلدى. ئاندىن دەشتمۇدەشت ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، شېھىت بولغان ھاكىملار، ئۇمرالارنى ۋە 25 مىڭ شېھىتنى تېپىپ، ئاتىلىرىنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلدى. 5000 قوي، 200 تۆگە، 400 كالا، 500 ئات ئۆلتۈرۈپ شېھىتلار ھەققىگە ئاش قىلىپ بەردى. خەتمىقۇرئان قىلىپ، ساۋابىنى شېھىتلار ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى. ئاندىن شاھىنشاھ خوجا ياقۇپنى شەيخلىققا، 30 كىشىنى سىپارىخانلىققا (مازاردا ئولتۇرۇپ مەخسۇس خەتمىقۇرئان قىلىدىغان قارىلار)، 40 كىشىنى باشقا ئىشلارغا تەيىنلەپ، بېشى ئالتۇنلۇقتىن ئايىغى ماڭشىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قارا چاناق، سايلىق ئۆستەڭ بويلىرىدىكى يەرلەرنىڭ ھەربىر چارىكىنى بىر مىسقالدىن ئالتۇنغا ئېلىپ ۋەخپە قىلىپ بەردى.»

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، بۇ يەردە گۈللۈك چىنە خىشلىق، رەڭدار چوڭ گۈمبەز بار بولۇپ، مەقبەرە گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان. گۈمبەزنىڭ ئۈچ مېتىر نېرىسىدا تاۋاپكارلار ناماز ئوقۇيدىغان ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان چوڭ خانىقا (مەسچىت)، ئۇنىڭ يېنىدا كاخانا (داش قازان ئورنىتىلغان ئۆي) بار ئىدى. كېيىن بۇ قۇرۇلۇشلار ۋەيران قىلىنغان. ھازىر ۋەيران بولغان گۈمبەز ئورنىغا تۇغ ــ شەددىلەر قاداپ قويۇلغان. مازار شەيخىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا شەربەت خېنىم دەپ ئاتىلىدىغان سۈيى كۆپ بولمىغان بىر بۇلاق بار. ئەينى چاغلاردا، بۇ بۇلاقنىڭ چوڭقۇرلۇقى تۆت مېتىرچە بولۇپ، قىش ــ ياز سۇ چىقىپ تۇراتتىكەن. مازارغا كەلگەن كىشىلەر شىپالىق تىلەپ، بۇلاق سۈيىدىن ئىچىشىدىكەن ھەمدە ئۆيلىرىگە ئالغاچ

كېتىشىدىكەن. مازارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 600 — 700 مېتىرچە يىراقلىقتا، بۇ مازارغا ئائىت رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان دەشتى كۆل بار. ھەسەن بۇغراخان مازىرىنىڭ 300 مېتىرچە جەنۇبىدا قىزىل جاي خېنىم مازىرى بار. قىزىل جاي خېنىم مازىرى دۆڭلۈك ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، مەقبەرە ئورنىدا تاش دۆۋىلىنىپ، يېنىغا ئېگىز تۇغ ـ شەددە قاداپ قويۇلغان. ئەتراپىدا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلغان تاۋاپچىلار تەرىپىدىن جۈپ قىلىپ باغلىنىپ، قويۇپ قويۇلغان نۇرغۇن تاشلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھەسەن بۇغراخان مازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 300 مېتىرچە يىراقلىقتىكى دۆڭلۈكتە بۆشۈك ئانام دەپ ئاتىلىدىغان مازار بار. مازارنىڭ ئەتراپى كېسەك تام بىلەن قورشالغان. ھويلا ئوتتۇرىسىغا خام كېسەك بىلەن ئېگىز سۇپىلىق مەقبەرە ياسالغان بولۇپ، ئەتراپىغا نۇرغۇن تۇغ ـ ئەلەملەر قادالغان. مەقبەرىنىڭ ئاستى تەرىپىنى بالا تەلىپى بار ئاياللار كولاپ، كىچىك كامارلارنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. ئۇلار باللىق بولۇش ئۈچۈن كولانغان كامارلارغا قولىنى تىقىپ، نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ يەيدىكەن. ئۇ كامارلارنىڭ يېنىغا ئىنچىكە چىۋىقتىن ياسالغان ئوقيا، لاتىدىن ياسالغان قورچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇپ قويۇشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۆشۈك ئانام ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئىنىكئانىسى بولۇپ، قىزىل جاي خېنىمنىڭ ئاپىسى ئىكەن.

چۈجە پادىشاھىم مازىرىمۇ ئوردا پادىشاھىم مازىرىغا ئوخشاش جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تەسىرى چوڭ مازار بولۇپ، ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيى ۋە شەئبان ئېيى (بارات ئېيى)دا جاي ـ جايلاردىن كەلگەن تاۋاپچىلار ئالدى بىلەن چۈجە پادىشاھىمنى تاۋاپ قىلىپ، تۇغ ـ ئەلەم قاداپ

ئاندىن ئوردام مازىرىغا قاراپ يول ئالاتتى. بۇ يەردىمۇ خۇددى ئوردام مازىرىدىكىگە ئوخشاش توغ كۆرۈشتۈرۈش مۇراسىمى ئېلىپ بېرىلاتتى. بىر قىسىم كونا ئادەتلەر چۈجە پادىشاھىم مازىرىدا كۆپ ساقلانغان. بۇ مازارغا چاقا چىقىپ قالغان، قۇلىقى ئېقىپ قالغان كېسەللەر شىپالىق ئىزدەپ كېلىدۇ. ياغاچقا يۆگەپ، سۇيىغىغا چىلاپ تەييارلىۋالغان مازنى مازارغا ئاپىرىپ نۆكچە يېقىشىدۇ، نۆكچىنى كۆپىنچە يەتتە يەرگە قويىدۇ. دۈت سالغاندا سۇيىغى بىلەن بۇغداينىڭ كېپىكىنى ئارىلاشتۇرۇپ سالىدۇ. چۈشى بۇزۇلۇپ قالغان ياكى بالا تەلەپ قىلىدىغان ئاياللار توغراققا يىڭنە سانجىپ قويىدۇ.





# تېۋىز مازىرى

بۇ مازار يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئۇچار يېزىسىنىڭ تېۋىزكەنتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرى بىلەن ئارىلىقى 16 كىلومېتىر كېلىدۇ.

تېۋىز مازىرى توغرۇلۇق خەلق ئىچىدە ئىككى خىل قاراش بار. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، «تېۋىز» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە «تەبرىز» دېگەندىن ئۆزگەرگەن جاي ئىسمى بولۇپ، «تەبرىز» ھازىرقى ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىگە قاراشلىق بىر شەھەر. خېلى كۆپ مەنبەلەردىن قارىغاندا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئومۇميۈزلۈك تارقىتىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىراق، يەمەن، خۇراسان، ئافغانىستان، ماۋەرائۇننەھر قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدىن بىر تۈركۈم ئالىملار، ئۆلىمالار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولۇپ 10 يىل

ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇدۇن (خوتەن) ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا يېنىۋالغانلىقتىن، قەشقەردىكى ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن ئۇدۇندىكى بۇددا قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولغان. شۇ چاغدا ئىسلام قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن خارەزم، ئەنجان، ئوش، شاش، تەبرىز، كاساندىن نۇرغۇن پىدائىيلار كەلگەن. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى جەڭدە قۇربان بولۇپ، جەسەتلىرى مۇشۇ تۇپراقتا قالغان. تەزكىرىلەردە تىلغا ئېلىنغان جارۇپ يەمەنى، سەئىد جالالىددىن باغدادى، سۇلتان ئالاۋىددىن باغدادى، خوجا ئەبۇل مۇزەپپەر تەبرىزى، ئەبۇل مەنسۇر تەبرىزى، ھەزرىتى سانجار كاسانى، ئىسمايىل كاسانى، ھەزرىتى سۇلتان قاسىم خارەزمى قاتارلىقلار ئاشۇ ئىككى قېتىملىق تارىخىي شارائىتتا قەشقەرگە كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىن خوجا ئەبۇل مۇزەپپەر تەبرىزى، ئەبۇل مەنسۇر تەبرىزى ۋە ئۇلار باشلاپ كەلگەن پىدائىيلار ھازىرقى ئوپچار يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى دۆڭ ئېرىققا كەلگەن، بۇ جايدا بۆكتۇرمىدە تۇرغان ئۇدۇن بۇددىست قوشۇنلىرى پىدائىيلارغا تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلغان. ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولغان. خوجا ئەبۇل مۇزەپپەر تەبرىزى، ئەبۇل مەنسۇر تەبرىزى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى شېھىت بولغان ھەم شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. خوجا ئەبۇل مۇزەپپەر ۋە ئەبۇل مەنسۇرلار ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەبرىز شەھىرىدىن بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مازار ئورۇنلاشقان جاينى تەبرىز دەپ ئاتاشقان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «تەبرىز» سۆزى «تېۋىز»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر، بۇ يەردە ياتقان كىشى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ بىرى بولغان ھەسەن بۇغراخان بولۇپ، ئۇ چوجە پاششىمدا ياتقان

كىشىنىڭ ئاكىسى ئىدى، دەپ قارايدۇ.

تېۋىز مازىرىدا ھازىر ئاساسىي قىسمى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن بىر گۈمبەز بار، گۈمبەزنىڭ ئەتراپىنى يەرلىكلەر قەبرىلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. مازار شەيخنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھەسەن بۇغراخان گۈمبىزى ئىكەن، گۈمبەز ئەسلىدە سىرتقى كۆرۈنۈشى تۆت چاسا شەكىللىك، ئىچكى كۆرۈنۈشى يۇمىلاق، گۈمبەز ئېگىزلىكى 15 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئىچى ـ تېشىغا چىنە خىش يېپىشتۇرۇلغانىكەن. گۈمبەز ئىچىدە كۆك چىنە خىشلىق ئىككى مەقبەرە بار ئىكەن. بۇ مازارنىڭ تۆت چوڭ دەرۋازىسى بولۇپ، بۇ دەرۋازىلاردىن ئۆتۈپ، ئاندىن گۈمبەز جايلاشقان قورۇغا كىرەتتىكەن. گۈمبەز ئەتراپىدا تەبىرىزدىن كەلگەن دەپ رىۋايەت قىلىنغان تۆت كىشىنىڭ مەقبەرىسى بار ئىكەنتۇق. بۇ قۇرۇلۇشلار مەدەنىيەت ئىنقىلابى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى كەلكۈن ئاپەتلىرىدە ۋەيران بولغان. مازارنىڭ شىمال تەرىپىدە بۈك ـ باراقسان باغ ـ ۋارانلار، ئورمانلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان تېۋىز كەنتى بار. مازارغا تەۋە چوڭ جامەدە 1000 كىشى بىمالال ناماز ئوقۇيالايدۇ. مازار ئەتراپىدا شەيخلەر تۇرىدىغان ئىككى ئېغىز ئۆي بار. بۇ مازارنى يەرلىك كىشىلەر بەكمۇ ئەزىز بىلىدۇ. ھەر يىلى ئىككى ئايەمدە تاۋاپ قىلغاندىن سىرت، جۈمە نامىزىنىمۇ مۇشۇ يەردە ئوقۇيدۇ. قازا قىلغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى بۇ جايغا دەپنە قىلىدۇ.




ئۇيغۇر مازارلىرىدىن كۆرۈنۈش

# ھەزرىتى بەگ مازىرى

ھەزرىتى بەگ مازىرى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە، يەنى قىزىل يېزىسىنىڭ قاراساي كەنتىگە يېقىن بولغان قۇملۇق ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن ئارىلىقى 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. «تەزكىرەئىي شېھىت ئەلى ئارسلانخان» دا : «شەرقىي رۇم (شەرقىي رۇم — ھازىرقى سۇرىيە، پەلەستىنلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتىلىشى) پادىشاھىنىڭ ئوغلى دوسا بەگ (سەلەي بەگ) ئاللا يولىدا جەڭ قىلىش ئۈچۈن سەئىد ئەلى ئارسلانخانغا ياردەم بېرىشكە بىر بۆلەك لەشكەر بىلەن كەلگەن» دەپ يېزىلغان. بىراق، خەلق ئارىسىدىن توپلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «ھەزرىتى بەگ»، «ئۇلۇغ

بەگ»، «دوستا بەگ» دېگەن بۇ ئاتالغۇلار «ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەزرىتى بەگ قاراخانىيلارنىڭ خانى سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ ئۆزى ياتقان مۇشۇ جايدا ئۇدۇن بۇددىست قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولغان، ئۇرۇشتا دوستا بەگ (ھەزرىتى بەگ) ئېغىر يارىلانغان، بۇ چاغدا سەئىد ئەلى ئارسلانخان باشقا ئۇرۇش مەيدانىدا بولغاچقا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قوشۇنلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئۇدۇن بۇددىست قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقارغان، ئاندىن دوستا بەگنىڭ قېشىغا كېلىپ، دوستا بەگنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ھال ـ ئەھۋال سورىغان، ئۇزۇن ئۆتمەي دوستا بەگ جان ئۈزگەن، ئۇ شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ مازار «ھەزرىتى بېگىم مازىرى» دەپ ئاتالغان.

ھەزرىتى بېگىم مازىرىغا گۈمبەز ياكى قەبرە قاتۇرۇلمىغان، ئەمما تۇغ، شادىلار قادالغان. مازار ئەتراپىدا ئۈستى تاختاي بىلەن يېپىلغان ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر بۇلاق (شەربەتخانا) ۋە بىر مەسچىت، شەيخلەر تۇرىدىغان بىرقانچە ئېغىز ئۆي بار. ھەزرىتى بەگ جان ئۈزگەن چاغدا ئەلى ئارسلانخان «سىنىڭ بېشىڭ (دېشىڭ) قايىنىمىغۇچە مېنىڭ بېشىم (دېشىم) قايىنىماس» دەپ ئېيتقاچقا، ئوردا پادىشاھىم مازىرىغا بارىدىغانلار ئاۋۋال ھەزرىتى بېگىم مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ، ئاندىن ئوردام مازىرىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىدۇ.



# سۇلتان دەرىجە
# خېنىم مازىرى

بۇ مازار يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاراباش كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرىپى 315 ـ دۆلەت تاش يولى، غەرب تەرىپى قاراق تاغ بىلەن تۇتىشىدۇ. مازارغا دەپنە قىلىنغان كىشى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى ھۇسەيىن بۇغرا خاننىڭ مەلىكىسى ھەدىيە تۇركەن خېنىم. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادىيە 997 ـ يىلى ھۇسەيىن بۇغراخان ۋاپات بولغاندا، ئىسلام قوشۇنلىرى پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنگەن. ھەدىيە تۇركەن خېنىم ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى بىبى مەريەم، نۇرئەلانۇر خېنىملار ئۇرۇش مەيداندىن قېچىپ قاراباشقا كەلگەندە، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن بۇددىست قوشۇنلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان.

ئۇلار شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. «سۇلتان دەرىجە خېنىم» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «پادىشاھ دەرىجىلىك مەلىكە، خېنىم» دېگەن مەندە ئىپتىلغان.

سۇلتان دەرىجە خېنىم مازىرىدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن بۇرۇن كاھىشلىق گۈمبەز، ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەسچىت ۋە شەيخلەر تۇرۇشلۇق بىرقانچە ئېغىز ئۆيمۇ بار ئىدى. كېيىن بۇ مازار يېقىندىكى دۆلەت تاشيولىنىڭ بۆتكىلىشى ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىكى «تۆت كونا»نى بۇزۇپ تاشلاش ھەرىكىتىدە بۇ مازار چېقىۋېتىلگەن. مازار ئورنىغا تۇغ ــ شەددىلەر قاداپ قويۇلغان. ھازىر بۇ مازارنىڭ ئەتراپى ئاۋام خەلقىنىڭ زاراتگاھلىقىغا ئايلانغان.



AltunOq

# سەرۋازلىرىم مازىرى



مازاردىكى خىسلەتلىك دەرەخ

سەرۋازلىرىم مازىرى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسى قورغانتام مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمىي كۆل، مەسچىت، ھېيتگاھ (ھېيت ئوينايدىغان مەيدان) ۋە مازار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مازار كۆل بويىدا بولۇپ، تۆت چاسا سۇپا ئۈستىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان ئاددىي قەبرىدىن ئىبارەت. بۇ مازارنى كىشىلەر «سەرۋازلىرىم» ياكى «سەركەردىلىرىم» مازىرى دەپ ئاتىشىدۇ. بەزى مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردىكى كۆل تەخمىنەن 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنى 11 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خانى

يۈسۈپ قادىرخان (مىلادىيە 1026 — 1032) ئىسلام دىنىنى بۇددىست خوتەن خانلىقىغا كېڭەيتىش ئۈچۈن جەڭ قىلغاندا لەشكەرلىرىگە چاپتۇرغان، كۆل بويىغا مەسچىت ۋە قاراۋۇلخانا سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە 10 نەپەر چەۋەنداز ـ سەركەردىلىرىنى قويغان ۋە ئۇلارنى كېيىن ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويغان.

ئەينى چاغدا خوتەن بۇددىستلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان. يۈسۈپ قادىرخان خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتىپ، ئۇلارنى قايتىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن 40 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، خوتەن بۇددىستلار ھاكىمىيىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىسلام دىنىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتەكلىرىگىچە كېڭەيتكەن. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي قىزىلدىكى قاراۋۇلخانىسىنى ساقلاۋاتقان 10 نەپەر چەۋەنداز ـ سەركەردىلەر، ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى بۇددىست قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ پۈتۈنلەي شېھىت بولغان، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ھازىرقى قىزىل يېزىسى قورغانتام مەھەللىسىدىكى چوڭ كۆلنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سۇپا ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، گۈمبەز ياكى قەبرە قاتۇرۇلمىغان، پەقەت توپا دۆۋىلىنىپ، تۇغ ـ شەددىلەر قادالغان. مازار يېنىدىكى جامە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا چېقىۋېتىلگەن، 1982 ـ يىلى قايتىدىن سېلىنغان.

بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان 10 نەپەر سەرۋازنىڭ باتۇرلۇق روھى قىزىللىقلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ، ھازىرقى قىزىللىقلار ئۆزلىرىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاشۇ جەڭگىۋار 10 سەرۋازنىڭ ئەۋلادى، باتۇرلارنىڭ پۇشتى، دەپ ئاتىشىدۇ. قىزىل خەلقى مازار

ئورۇنلاشقان جايىنى «ھېيتگاھ» دەپ ئاتايدۇ ھەممە ھەر يىلدىكى ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە بۇ مازارنى يوقلاپ، تاۋاپ قىلىپ، ئۇلارنى ياد ئېتىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يەردە مىللىي تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ.





# قىزىل ئاياللىرىم مازىرى

قىزىل ئاياللىرىم مازىرى يېڭىسار ئەگۆز يېزا موغال سۇ ئايرىش پونكىتىنىڭ يۇقىرىسىدا. كۆسەن دەرياسىنىڭ ئاساسلىق تارمىقى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. قىزىل ئاياللىرىم دەريانىڭ ئېگىز قېتىنىڭ لېۋىگە جايلاشقان بولۇپ، مەقبەرە ئورنىغا شېغىل تاشلار دۆۋىلىنىپ، توغ ـ شەددىلەر قاداپ قويۇلغان. توغ ـ شەددىلەر ئەتراپىغا تاۋاپچىلار نۇرغۇن ئۇششاق تاشلارنى ئىككى، ئۈچ ياكى تۆتتىن جۈپلەپ، يىپ بىلەن چىگىپ قويۇپ قويغان. مازارنىڭ 200 مېتىرچە تۆۋىنىدە تاشتىن قوپۇرۇلغان، ئۈستى ئوچۇق بىر مەسچىت بار. ئۇنىڭ يېنىدا بۇ مازاردا مەسچىت سالغانلىق توغرىسىدىكى چاغاتايچە خەت

چېكىلگەن يوغان تاش ئابىدە بار. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، قىزىل ئايالىلىرىمدا ياتقانلار 13 ـ 14 ياشلاردىكى توي قىلىنمىغان قىزلار بولۇپ، بۇلار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىلىرى ئىكەن. ئۇلار بۇددىستلارغا قارشى جەڭدە مۇشۇ يەردە شېھىت بولغانمىش. بۇلار ئەتىگەن ۋە كەچتە كۈن قىزىل بولغاندا نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھالەتتە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنەرمىش. شۇڭا قىزىل ئايالىلىرىم دەپ ئاتالغانىكەن.

قىزىل ئايالىلىرىم سۇ تىلەيدىغان مازار دەپ قارىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھەر يىلى 5 ـ ئايدا پاكى سۇ قىس مەزگىللىرىدە يېڭىسار، يېڭىشەھەر ۋە قىزىلسۇنىڭ ئاقتۇ ناھىيىلىرىدىن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ، سۇ تىلەش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بالا ئارزۇسى بارلارمۇ بۇ مازارغا كۆپ كېلىشىدۇ. قىزىل ئايالىلىرىم مازىرىنىڭ ئۈچ كىلومېتىرچە تۆۋىنىدە، دەريانىڭ قارشى تەرىپىدىكى يار ئۈستىدە خوجا پاقلانخان مازىرى بار. مازارنىڭ تۆۋىنىدىكى دەريا ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن كىچىككىنە قورۇقلۇق بار بولۇپ، بۇ يەرنى ئۆپكىلىمەك خوجام دەپ ئاتىشىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، خوجا پاقلانخان قىزىل ئايالىلىرىمدا ياتقان قىزلارنىڭ ئىنىسى ئىكەن. شۇڭا، سۇ تىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن زاراخەتمىلەر بۇ ئىككى مازاردا تەڭ ئۆتكۈزۈلىدۇ.



# ئالتۇنلۇق مازىرى

ئالتۇنلۇق مازىرى يەكەن ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالى، يەنى يەكەن يېڭىشەھەر بىلەن كوناشەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ئالتۇن دەرۋازا»نىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا بىنا قىلىنغان. ئۇ ئەسلىدە ئىسلام دىنى «قارا تاقىيە» (قارا تاغلىقلار) مەزھىپىنىڭ خوجا جەمەتى ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 1514–1678– يىللىرى) دىكى خان جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى. شۇڭا، «ئالتۇنلۇق مازىرى» دەپ ئاتالغان.

ئالتۇنلۇق مازىرى «ئالتۇن مازار» (يەكەن سەئىدىيە خانلىقى خانلىرى قەبرىستانلىقى) «ئالتۇن مەسچىت»، «ئالتۇن دەرۋازا»، «ئالتۇنكۆل» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالتۇن مازارنىڭ شەرقىي قىسمى يەكەنگە ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىنكى خانلار ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ

قەبرىستانلىقى بولۇپ، «دەھمىي شاھان» (پادىشاھلار قەبرىستانلىقى) دەپ ئاتالغان. مازارنىڭ غەربىي قىسمىغا مىلادىيە 1514 - يىلىدىن كېيىنكى، يەنى يەكەن خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىن (مىلادىيە 1514 — 1533 - يىللىرى) كېيىنكى يەكەن سەئىدىيلەر خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخان (مىلادىيە 1533 — 1560)، ئابدۇكېرىمخان (1560— ؟)، مۇھەممەدخان(1600 — ؟)، ئەھمەدخان (1610— 1619)، ئابدۇلېتىپخان(1619 — 1630)، پولاتخان، مەھمۇدخان(1632 — 1635)، ئابدۇللاخان (1635 — 1667) ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى دەپنە قىلىنغان. مازارنىڭ شىمالىي تەرىپىگە مىلادىيە 1670 - يىللاردىن باشلاپ «قارا تاقىيە» مەزھىپىنىڭ كاتتىۋېشى خوجا ئىسھاق ۋەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قويۇلغان دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، «خوجا ئىسھاق ۋەلى مازارلىقى» دەپمۇ ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە، خوجا ئىسھاق ۋەلى سەمەرقەندتە ئۆلگەن، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئوغلى شادى خوجا، نەۋرىسى يەھيا خوجىنىڭ قەبرىلىرى ۋە مەۋلانە يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى (مىلادىيە 1523 — 1557- يىللىرى)نىڭ قەبرىسى بار.

1992- يىلى 9 - ئايدا مەشھۇر شائىرە، مۇقامشۇناس ئامانىسساخان(1523 — 1557) نىڭ جەسىتى ئالتۇن مازاردىن يۆتكەپ كېلىنىپ، بۇ يەردىكى يېڭىدىن سېلىنغان قەبرىگاھىغا قويۇلغاندىن كېيىن «ئامانىسساخان مازارلىقى» ياكى «ئامانىسساخان قەبرىگاھلىقى» دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا (مۆجىزى) تەرىپىدىن ھىجرىيە 1271- يىلى (مىلادىيە 1854— 1855- يىللىرى)يېزىلغان«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) ناملىق رىسالىدە قەيت قىلىنىشىچە،

ئامانىساخان (نەفىسى) تارىختا ئۆتكەن 17 نەپەر مۇزىكا پىرىنىڭ 17 - سى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى، ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى، «دىۋان نەفىسى»، «ئەخلاق جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق)، «شۇرۇھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر شەرھى) قاتارلىق رىسالىلەرنىڭ ئاپتورى، شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق جەھەتلەردە ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى. «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغانىدى. تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، ئامانىساخان تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، كىچىكىدىنلا خەلق ئاھاڭلىرىغا ئىشتىياق باغلىغانىدى، ناخشا، قوشاق ئېيتىشتا ۋە ساز چېلىشتا ماھىر ئىدى. ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن شائىرە ۋە مۇقامچى بولۇپ يېتىلگەنىدى. ئۇ چوڭ ھەجىملىك كلاسسىك مۇزىكا «12 مۇقام»نى رەتلەش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئامانىساخان 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولۇپ، ئالتۇنلۇق مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

ئالتۇنلۇق مازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە «ئالتۇن مەسچىت»، شەرق تەرىپىگە «ئالتۇنكۆل»، ئوتتۇرىسىغا «ئالتۇن مازار» جايلاشقان. ئومۇمىي كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. «ئالتۇن مازار» ئۆز ئىچىدىن بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈپ ياسالغان، ئۇنىڭ خانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ دىنىي ئۇستازلىرى دەپنە قىلىنغان قىسمى خىش تام ۋە ياغاچ ۋادەك - پەنجىرىلەر بىلەن ئايرىم دائىرە ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئالدىغا رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن دەرۋازا ئورنىتىلغان، ئىچىگە ئاستى - ئۈستى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان قەبرىلەر رەت - رەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تام ۋە قەبرىلەرنىڭ

سىرتى ھەر خىل نۇسخىدا گەج ئويما نەقىش ۋە بېغىشلىما چۈشۈرۈلگەن گۈللۈك خىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ئالدىغا رەڭگارەڭ تۇغ ـ ئەلەملەر قادالغان، تۈنەكخانىلىرى ئايرىم ياسالغان بولۇپ، پۈتۈن مازار ناھايىتى سۈرلۈك دىنىي تۈس ئالغان، مازارنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرى ئۆزگىچە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئالتۇنلۇق مازارنىڭ يېنىدا «ئالتۇن مەدرىسە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان. شۇڭا، «رەشىدىيە مەدرىسىسى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ مەدرىسە ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، 360 ھۇجرىسى بار ئىدى. بۇ مەدرىسىگە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىكى جايلاردىن سىرت يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئىراق، ئەرەبىستان، ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردىنمۇ كۆپلىگەن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ مەدرىسە ئاپاق خوجا دەۋرىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئالتۇنلۇق مازىرى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەرپا قىلىنغاندىن تارتىپ، 19 ـ ئەسىرگىچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ياكى كېڭەيتىلگەن. بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. كېيىن مازار ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىنمىغانلىقتىن ۋەيران بولۇشقا باشلىغان.

ئالتۇنلۇق مازىرىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى ئامانىنساخان قەبرىگاھىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 5500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، قەبرە كاھىشلىرىنىڭ نەقىشلىرى، دېرىزە ـ پەنجىرىلەرنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە ھۈنەر ـ سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇ يەردە يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن ئامانىنسا قەبرىگاھى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر بىناكارلىق

ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسى ئۇسلۇبى بىلەن ھازىرقى زامان بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، تۈۋرۈك، تورۇس ۋە ۋاسىلىرىدىن تارتىپ ھازىرقى زامان بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ پۈتۈن ئۆلگىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئالتۇنلۇق مازىرى 1992— 1993 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ خىراجەت بېرىشى بىلەن ئەتراپىغا تام سېلىپ كەڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىندى. ئالتۇن مەسچىتمۇ جامائەتنىڭ 140 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشى بىلەن قايتا ياساپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مازار ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلاندى.

ئالتۇنلۇق مازىرى 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلدى.





# ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى

ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى يەكەن ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تومئۆستەڭ يېزىسى جايتېرەك كەنتىنىڭ «مويشىرىف» خانىقاسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئابدۇراخمان ۋاڭنىڭ قەبرىگاھىدۇر.

ئېيتىلىشىچە، مىلادىيە 1780 - يىللىرى ئابدۇراخمان يەكەنگە ۋاڭ قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭ (مىلادىيە 1736 — 1795 - يىللىرى) ئىنئام يۇزىسىدىن ئۇنىڭغا 4000 سەر كۈمۈش بەرگەن. ئابدۇراخمان ۋاڭ بۇ پۇل بىلەن ھەج قىلماقچى بولغان. بىراق يۇرت ئۆلىمالىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن دەسلەپ «مويشىرىف» خانىقاسىنى سالدۇرغان، كېيىن خانىقانىڭ جەنۇبىغا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن يەر سېتىۋېلىپ

قەبرىگاھ (مازار) ياساتقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خاتىدى ئۈستىكىنى چاپتۇرغانىكەن. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئابدۇراخمان ۋاڭنىڭ قەبرىگاھى 1752 - يىلىدىرى ياسىلىشقا باشلىغان.

ئابدۇراخمان ۋاڭ يەكەنىنى 20 نەچچە يىل سوراپ، مىلادىيە 1805 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ يەردىكى قەبرىگاھقا دەپنە قىلىنغان.

ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى قەبرىگاھ، خانىقا، مەسچىت ۋە تۇنەكخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردىن تەركىب تاپقان.

ئابدۇراخمان ۋاڭ قەبرىگاھى تەكشى يۈزى چاسا بولۇپ، خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. قەبرىگاھنىڭ تۆت بۇرجىكى ۋە ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىغا كىچىك مۇنار چىقىرىلغان، سىرتى ۋە ئۈستىدىكى گۈمبىزى خىلمۇخىل نەقىش ۋە بېغىشلىما، مەدھىيە سۆزلەر بىلەن پۈتۈلگەن رەڭلىك كاھىش بىلەن بېزەلگەن. مويشىرىف خانىقاسى، مەسچىت ۋە تۇنەكخانىدىكى ھەر خىل رەڭلىك گەج ۋە ياغاچقا چۈشۈرۈلگەن ماي بوياق سىزمىلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. مازاردىكى مەسچىت قورۇسى رەڭلىك سىزما نەقىش ۋە ئويما نەقىش بىلەن بېزەلگەن. تۈۋرۈكلىرى نەپىس ياسالغان بولۇپ، بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتى جەھەتتە قويۇق مىللىي ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە. قەبرىگاھ بىلەن مەسچىتكە ئىشلەتكەن كاھىشلار ئۆز ئورنىدا قويۇپ ياسالغان بولۇپ، ئۆلچەملىك، يۇقىرى سۈپەتلىك، ھازىرغىچە ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتمىگەن. مويشىرىف خانىقاسىدا بۇرۇن روسۇللانىڭ يەتتە تال موبى ساقلانغان دەپ قارالغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ مەسىلا ئەينى چاغدا ئالدى بىلەن ئەينەك شىشىگە ئېلى ئالتۇن ساندۇققا سېلىنغان، ھاندىن ئالتۇن ساند

كۇمۇش ساندۇق ئىچىگە سېلىنىپ، مويشىرىق خانىقاسىدىكى ئالاھىدە ياسالغان ياغاچ تەخت ئىچىگە قويۇلغان. بۇ مويلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يىتتۇپ كەتكەن. ھازىر مازار شەيخىنىڭ قولىدا ئەينى ۋاقىتتا موي قاچىلىغان شىشە، كۇمۇش ساندۇق ۋە بۇۋى پاتىمە ئانامنىڭ كۆڭلىكى، ئىمام رەببانۇمىنىڭ كولاسى دەپ رىۋايەت قىلىنىۋاتقان نەرسىلەر بار.

ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.





# خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى

خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى يەكەن ناھىيە گۈلباغ يېزىسىنىڭ ھەزىرتىپىر كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە مەركىزىنىڭ شىمالىدا، ناھىيە بازىرى بىلەن توزسىزىق ئارىلىقى بىر يېرىم كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ مازار شىنجاڭدىكى سوپىلارنىڭ پېشۋاسى خوجا مۇھەممەد شېرىپ (مىلادىيە 1470 — 1565-يىللىرى) نىڭ قەبرىگاھى.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، خوجا مۇھەممەد شېرىپ 1470 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سايرام دېگەن يېرىدە نامرات تاجىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغبەگ نامىدىكى مەدرىسىدە 30 يىلدەك ئىلىم تەھسىل قىلغان. كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئاتۇش «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» مازىرىدا تۇرغان ھەمدە ئەرەبىستانغا ھەجگە بارغان.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» مازىرىنى تاۋاپ

قىلىشقا كەلگەندە ئۇنىڭ «كارامەت»لىرىنى كۆرۈپ ئۇنى يەكەنگە تەكلىپ قىلغان. كېيىن ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ «ئۇستازى» بولغان. خوجا مۇھەممەد شېرىپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دىنىي ئۇستازى بولۇش ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، يەكەندە ئۆزىگە مۇرىت توپلاپ، دىنىي مەزھەپ تەشكىللەپ، خانلىقتىكى ھۆكۈمران دىنىي كۈچكە ئايلانغان.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ 1565 ـ يىلى يەكەندە 95 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى يەكەننىڭ شىمالىغا دەپنە قىلىنىپ، شۇ يىلى قەبرىگاھى سېلىنغان. بۇ مازار ئىلىمگە ۋە قەرزگە ھۆددىگەر دەپ قارىلىپ، بالىسى ياخشى ئوقۇيالمىغانلار بالىسىنى مۇشۇ مازارغا ئەكېلىپ تاۋاپ قىلدۇرىدىكەن. بولۇپمۇ قەرزى بارلار بۇ يەرگە تاۋاپقا كۆپ كېلىدىكەن.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى 1807 ـ يىلى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، ھازىرقى كۆلەمنى ھاسىل قىلغان. مازار ئۇزاق ۋاقىت رېمونت قىلىنمىغاچقا، ئەسلىدىكى بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلار ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن قەبرىگاھ، تىلاۋەتخانا، مەدرىسە، مەسچىت قاتارلىق بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلار بار. تىلاۋەتخانا بىلەن قەبرىگاھ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تۇتاش سېلىنغان بولۇپ، تىلاۋەتخانىدىن قەبرىگاھقا كىرگىلى بولىدۇ. تىلاۋەتخانا كېسەك ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تۈت تېمى رەڭلىك كاھىش ۋە گەج بىلەن ئويما نەقىش قىلىپ زىننەتلەنگەن. ئۇستى تۈز تورۇسلۇق، تاملىرىغا رەڭلىك ھۆسنخەت شەكلى بىلەن ئەرەبچە، پارسچە ئايەت يېزىلغان، ئىشىكىگە خوجا مۇھەممەد شېرىپ جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى پۈتۈلگەن.

خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ قەبرىگاھى چاسا شەكىللىك گۈمبەز بولۇپ، ئىشىك بېشىغا مازارنىڭ سېلىنغان ۋاقتى ۋە خوجا مۇھەممەد شېرىپقا بېغىشلانغان مەدھىيە قاتارلىقلار پۈتۈلگەن، مازار ئىچىدە مۇھەممەد شېرىپنىڭ مەقبەرىسى بار بولۇپ، مەقبەرە ئەتراپىغا يېشىل گۈللۈك كاھىشلار چاپلانغان.

مەسچىت مازار بىلەن بىر ۋاقىتتا سېلىنغان بولۇپ، كېسەك ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق، چاسا تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن قەبرىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ۋە باشقا يەرلىك كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ بىناكارلىق ھۈنەر ــ سەنئىتى يۇقىرى، بېزىلىشى كۆركەم، ھەيۋەتلىك ھەم پۇختا، بۇ قۇرۇلۇشلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر ئىسلام مىمارچىلىق ھۈنەر ــ سەنئىتىنىڭ ئۆلگىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.





# چىلتەن مازىرى

چىلتەن مازىرى يەكەن ناھىيىسى بازارلىق ھۆكۈمەت گورباغ 3 ـ ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە، ئالتۇنلۇق مازىرىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان. بۇ مازار «ھەپتە مۇھەممەدان» مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەپتە مۇھەممەدان — ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىلگۈچى يەتتە كىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ جاي مىلادىيە 1460- يىللىرى ئەبۇ تالىپ سەنبەستى ۋەلى (قوچقار ئاتا) تەرىپىدىن دائىرىگە ئېلىنغان. 1870 - يىللىرى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن پىششىق خىش بىلەن مەسچىت، گۈمبەز ياسالغان بولۇپ، گۈمبەز ئىچىگە يەتتە قەبرە قويۇلغان. مازار ئەتراپى يەرلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، يەرلىكلەر

قەبرە ئالدىغا دەرەخ باكى گۈل قويۇشتەك ياخشى ئادەتكە ئىگە. پۈتۈن قەبرىستانلىق بىر پارچە يېشىللىقنى شەكىللەندۈرگەن.

چىلتەن مازىرىنىڭ قاچان بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان زاتنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ئىككى خىل رىۋايەت ئەل ئىچىدە تارقىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 618 — 907 - يىللىرى) مۇھەممەد ئەلەيھىسساالامنىڭ يەتتە ساھابىسى ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كېلىپ مۇشۇ جايدا قازا قىلغانىكەن. يەنە بىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيالىق چوڭ ئىشان خوجا ئابدۇللانىڭ يەتتە مۇرىتى ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن كېلىپ مۇشۇ جايدا شېھىت بولغانىكەن.

چىلتەن مازىرى توغرىسىدىكى يازما مەلۇمات مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (مىلادىيە 1499 — 1551 - يىللىرى)نىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. مەنبەلەرگە قارىغاندا، بۇ مازار دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مىرزا ئەبۇ بەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادىيە 1468— 1514 - يىللىرى) بىلەن ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادىيە 1865 — 1877- يىللىرى)دە قايتا ياسىتىلغانلىقى مەلۇم. مازاردىكى ھازىرقى قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق قايتا كېڭەيتىپ قۇرۇلۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.

چىلتەن مازىرى قەبرىگاھ، مەسچىت ۋە دەرۋازا مۇنارى قاتارلىق بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلاردىن تەشكىل تاپقان. قەبرىگاھنىڭ ئاستى چاسا شەكىللىك، ئۈستى گۈمبەز تورۇسلۇق بولۇپ، يېشىل خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 مېتىر كېلىدۇ، ئىچىگە قاتار

قىلىپ يەتتە قەبرە قاتۇرۇلغان، قەبرە ئالدىغا ئۆتۈكسىمان تاش ۋە يوغان مۈڭگۈزلەر قويۇلغان. ئۆينىڭ تۆت ئەتراپى تۇغ ــ ئەلەملەر بىلەن تولغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ تاش ئۆتۈك يەتتە مۇھەممەدانىنىڭ تاشقا ئايلانغان ئۆتۈكى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مازار ئىچىدە ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن ياسالغان بىر قۇتا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەسلىدە بىرنەچچە تال ساقال ساقلانغان. بۇ ساقالنىڭ كىمنىڭ ساقىلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىككى خىل رىۋايەت بار، بىرىدە ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلى ئىكەن؛ يەنە بىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئىمامى رەببانىنىڭ ساقىلى ئىكەن. بۇ ساقال ئاللىبۇرۇن يوقالغانىكەن.

چىلتەن مازىرى يەكەندىكى ئۇزاق يىللىق داڭلىق مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇرۇن ھەر يىلى بارات كېچىسى مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار نەچچە مىڭ كىشىدىن ئاشاتتىكەنتۇق. بۇ مازاردا ھازىرمۇ ھاجەتلىرىنى تىلەپ تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. مەسىلەن، يالغۇزلۇقتا تۇرمۇش ئىچىرچىلىقىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان بەزى ئاياللار مازارغا ئىللىق بىر ئائىلە تەلەپ قىلىپ كېلىدۇ. ئۇلار چالمىنى ئوچاق شەكلىدە تىزىپ، ئۇنىڭ ئاستىغا ئوتۇرۇق سېلىپ ئوت تۇتاشتۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مازاردىن ئۆزلىرىنى ئۆيلۈك ــ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشىنى تىلىگىنى. مازاردا بۇ خىلدىكى سىمۋوللۇق ئوچاقلارنى خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

چىلتەن مازىرى توغرۇلۇق خەلق ئىچىدە يەنە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان: چىلتەنلىرىم ھايات مازار، قەدىمدە يەتتە مۇھەممەدان بىر توپ خورمىنىڭ كۆچىتىنى ئېلىپ ھەرەمدىن يولغا چىققانچە دۇنيانى ئايلىنىپتۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىز قەيەردە توختايمىز، دەپ

سورىغاندا، پەيغەمبەر: «قەيەردە ھېرىپ قالساڭلار شۇ يەرگە ھاساڭلارنى سانجىپ قويۇپ ئارام ئېلىڭلار. سانجىپ قويغان ھاساڭلار قەيەردە كۆكلىسە، شۇ يەر سىلەرنىڭ تۇرارگاھىڭلار بولسۇن» دەپتۇ. ئۇلار پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ ئاي جاڭجۇن، كۈن جاڭجۇنىنىڭ دەۋرىدە بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ چاغدا شەھەر ھازىرقى يەكەن شەھىرىنىڭ ئورنىدا ئەمەس ئىكەن. جاھانباغىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئېگىز ھاڭ بولۇپ، شۇ ھاڭنىڭ تۆپىسى پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئىكەن. ھازىرقى شەھەرنىڭ ئورنى بولسا ئۇلارنىڭ ئۇلاغ باقىدىغان يايلىقى ئىكەن. بۇ يەردە بىر چوڭ دەريا ئېقىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار دەريا بويىدىكى بىر ھاۋالىق جاينى كۆرۈپ ئارام ئېلىشقا چۈشۈپتۇ ۋە ھاسىسىنى قاداپ قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئويغانسا ھاسا بىر غېرىچ كۆكلەپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنىڭ تۇرار جايىمىز مۇشۇ يەركەن دېيىشىپتۇ. بۇ يەردە سۇ ئېقىۋاتسا قانداقمۇ تۇرغۇلۇق دېگەندە، ئۇلاردىن بىرەيلەن دەرياغا قولىنى چەنلەپ تۇرۇپ: «مۇنداق ماڭغاچ تۇر» دەپتىكەن، بۇ چىلتەن خوجامنىڭ كارامىتى بىلەن دەريا پوسكامغا بۆتكىلىپ كېتىپتۇ. چىلتەن خوجاملار بۇ يەردە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن بايلاق تېخىمۇ يوغىناپتۇ. شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئاي جاڭجۇندىن ئۇلاغلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئۇلۇغلارنىڭ قەدەم جايى دەسسەپ چەيلەنگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ چۈشىدە بېشارەت قىلىپ «يەكەن ۋىلايىتىدە يەتتە مۇھەممەدان چىلتەن ئاتلىق يەتتەيلەن بولۇپ، بۇلارنىڭ قەدەم جايى ئاياغ ئاستى بولۇپ قالدى، ئاشۇنى سىز ئاشكارا قىلىڭ» دەپتۇ. بۇ زات بۇ يەرگە ئېتىكىگە چالما ئېلىپ كېلىپ، ھەر قېتىم ئەكەلگەن چالمىنى يەتتە يەرگە نىشان قىلىپ قويۇپتۇ. بۇ كىشى ئەۋلىيالىقتا يەتكەن كىشى

بولغاچقا، بۇ يەتتەيلەننىڭ ئورنىنى بىلەلەيدىكەن. بۇ زات چالمىلارنى تىزىپ يەنە چالما ئېلىپ كەلگۈچە بۇ چالمىلارنى پادىچىلار ئۇلاغقا ئېتىپ ئويناپ تۈگىتىپ بولۇپتۇ. بۇ زات ئۇلارغا بۇ يەردە چىلتەن ئاتلىق مازار بارلىقىنى ئېيتقاندا، پادىچىلار ئىشەنمەي ئۇنى ساراڭ، قەلەندەر دەپ ئەيىبلەپتۇ، بۇ زات ئاچچىقىدا قولىغا توپا ئېلىپ ئۇلارنى سۈرۈم — توقاي قىلىپتۇ. پادىچىلار يىغلاپ بېرىپ، شۇ چاغنىڭ پادىشاھىغا ئەرز قىلىپتۇ. پادىشاھ يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ كېڭەش قىپتۇ. يۇرت چوڭلىرى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇ زاتنىڭ چىلتەننىڭ بار — يوقلۇقىنى راست بىلىدىغان — بىلمەيدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ. ئۇلار دورغىدىن بىرنى چاقىرىپ گۆشىمۇ، يېغىمۇ، گۈرۈچىمۇ ھارامدىن بولغان نەرسىدىن تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ دورغا كوچىغا چىقسا بىر ئايال گۈرۈچ يۈدۈپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇ ئايالنىڭ زار يىغلىغىنىغا باقماي گۈرۈچنى تارتىۋاپتۇ، ياغچىنىڭ يېغىنى، ئوتۇنچىنىڭ ئوتۇنىنى، تۇزچىنىڭ تۇزىنى تارتىۋېلىپ ئەكىرىپتۇ. ئۇلار يەنە قارا مۈشۈكتىن بىرنى سويۇپ، ئاشۇ نەرسىلەر بىلەن بىر لېگەن ئاش ئېتىپتۇ ۋە ئاشنى ياخشى گەپلەر بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. بۇ زات شەھەرنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىگە خۇشاللىنىپ، ئاشقا قولىنى سۇنماق بوپتۇ، ئەمما يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەك، ئاپىرىپ خاپىلىقتا سالادۇر، دېگەن گەپ بار، بۇ ئاشنى يېيىشكە بولامدۇ، بولمامدۇ دەپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئىستىخارە قىلىپ قارىسا، بۇ ئاشنىڭ خۇرۇچلىرىنىڭ ھەممىسى ھارام بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇ قولىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ: «ئەي خۇدانىڭ مەخلۇقاتى، سەن قازاندا شۇنچە قايناپ كۆپ جاپا چېكىپسەن، قوپ ئورنۇڭدىن» دەپ ئاشنىڭ

ئۈستىگە بىر شاپىلاق ساپتىكەن، مۈشۈك تىرىلىپ، ۋارقىرىغىنىچە سورۇندىن چىقىپ كېتىپتۇ. يۇرتنىڭ قوشقار ئاتام دېگەن قازىسىغا: «كور بولغايسەن» دەپ قولىنى شىلتىپتىكەن، ئاشۇ يەردىلا ئۇنىڭ كۆز گۆھىرى ساڭگىلاپ قاپتۇ. شەھەرنىڭ ئامبىلى: «سىلەر بۇ ئىشنى خاتا قىپسىلەر. ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراڭلار» دەپتۇ. ئۆلىمالار ئۇ زاتنىڭ كەينىدىن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قوغلاپتۇ. ئۇلار ئالۋاقچى دېگەن يەردە بۇ زاتقا يېتىشىۋېلىپ، كۆپ توۋىلار ئېيتىپتۇ. بۇ زات ئۇلارنىڭ توۋىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېلىقى قازىنى ياتقۇزۇپ قويۇپ گەجگىسىگە دەسسەپتىكەن، كۆزى ئەسلىگە كەپتۇ. مانا مۇشۇ زاتنىڭ يۇقىرىقى كارامەتلىرى بىلەن چىلتەن بۇزرۇكۋار ئاشكارا بوپتۇ.

چىلتەن مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.





# بەيسى هېكىم بەگ مازىرى

بەيسى هېكىم بەگ مازىرى يەكەن ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چىلتەن مازىرى ئەتراپىغا جايلاشقان.

بەيسى هېكىم بەگ (ئەسلىي ئىسمى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن) كۇچا ۋاڭى مىرزا ھادى بەگ ئەۋلادى بولۇپ، كۇچادا تۇغۇلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەنگە بەيسى دارىن قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ ۋاپات بولغاندا مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. قەبرىگاھتىكى خاتىرە تاختايدا قەيت قىلىنىشىچە، بەيسى هېكىم بەگ قەبرىگاھىنى ئوغلى مۇھەممەد ھودا بەگ يەكەن ۋە قەشقەرلەردىن ئۇستىلارنى ئەكېلىپ ياساتقان. ھىجرىيە 1238 ـ يىلى مۇھەررەمنىڭ 26 ـ كۈنى (مىلادىيە 1823 ـ يىلى) پۈتكەن.

بەيسى هېكىم بەگ مازىرى چوڭ گۈمبەز، كىچىك گۈمبەز ۋە قەبرىلەردىن تەركىب تاپقان. بەيسى هېكىم

بەگىنىڭ قەبرىگاھى خىش قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تەكشى يۈزى چاسا شەكىللىك، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. تۆت بۇرجىكى ۋە ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىغا يۇمىلاق كىچىك مۇنار قوپۇرۇلغان. مازارنىڭ جەنۇب تەرەپ ئوتتۇرىسىغا ھۆسنىخەت ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان ئايەت ئويۇلغان يۇمىلاق ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. مازارنىڭ سىرتى، گۈمبەزنىڭ ئۈستى ۋە ئىچىدىكى مەقبەرە ھەر خىل نەقىش ۋە بەيسى ھېكىم بەگنى مەدھىيىلەيدىغان بېغىشلىما يېزىلغان رەڭلىك كاھىش بىلەن بېزەلگەن. كاھىشلار ئۆلچەملىك ياسالغان ۋە ئۆزئارا بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كاھىشلاردىكى نەقىش نۇسخىلىرى 20 نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ. مازار ئىچى گەج بىلەن سۇۋالغان، ئاستى تەرىپىگە بىر مېتىر ئېگىزلىكتە زەدىۋال چىقىرىلىپ، رەڭلىك گۈل ۋە گېئومېتىرىيىلىك نەقىش سىزىلغان، ئۈستى تەرىپىگە قۇرئان ئايەتلىرى ھۆسنىخەت شەكلىدە يېزىلغان. مازارنىڭ نەقىش-بېزەكلىرىنى ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مازار بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

بەيسى ھېكىم بەگ مازىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بىرنەچچە كىچىك قەبرىگاھ جايلاشقان. قەبرىگاھ خىش قۇرۇلمىلىق بولۇپ تەكشى يۈزى سەككىز تەرەپلىك، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. سەككىز بۇرجىكىگە كىچىك مۇنار چىقىرىلغان. ئۇ رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ياسىلىش شەكلى ۋە ھۈنەر-سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.



# سۇتپاشىم مازىرى

سۇتپاشىم، سۇت پادىشاھىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورنى يەركەن ناھىيە كونا شەھەردىكى ياركوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە. كونا شەھەردىن ھارۋىلىق 15 مىنۇتتا چىققىلى بولىدۇ.

سۇتپاشىم مەقبەرىسى توپىلىق دۆڭدىكى يەرلىكلەر قەبرىستانلىقىنىڭ ئوتتۇرىراق قىسمىغا جايلاشقان. مەقبەرىنىڭ ئەتراپى خام كېسەك بىلەن بىر مېتىرچە ئېگىزلىكتە قورشالغان، قاشانىڭ سىرتىدا بىر سۇپا، سۇپىنىڭ يېنىدا يوغان بىر توپ سېدە دەرىخى بار. مەقبەرە تۆلۈق شەكلىدە بولۇپ، ئۈستىگە تۇغ - ئەلەملەر قادالغان. ھازىرمۇ ھەر چارشەنبە كۈنى يىراق - يېقىندىن تۇغمىغان ياكى ئېغىرئاياغ ئاياللار، قولىقى ئېقىپ قالغانلار بۇ يەرگە كېلىپ شىپالىق ئىزدەيدۇ. مەقبەرە بار تۆپىلىكنىڭ تۆۋەن

تەرىپىدىكى تۇزلەڭلىكتە مازار شەيخىنىڭ ئۆيى بار. ئۆينىڭ ئالدىدا قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان بىر بۇلاق بار. مازارنىڭ شەيخى 78 ياشلىق سەمەت شەيخ قارىم ھەر چارشەنبە كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ، شۇ بۇلاقتىكى سۇدىن قاچىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئازراق پاختىنى چىلاپ ئايەت ئوقۇپ قۇلىقى ئاغرىپ قالغان بىمارنىڭ (كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى كىچىك بالىلار) قۇلىقىغا تىقىپ قويىدۇ، لاتىغا ئورالغان قۇرئان بىلەن ئېغىرئاياغ ئاياللارنىڭ قورسىقىنى سىلىق بېسىپ قويىدۇ ياكى شىپا ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنىڭ قول- پۇت، مۈرىلىرىنى تۇتۇپ قويىدۇ. كەلگەن كىشىلەر بۇنىڭ ھەققىگە نان، پاختا، بوغداي، پۇل، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇتپاشا خېنىمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئۇمبىيە بوھەجەر خېنىم بولۇپ، پەيغەمبەر جانابى روسۇلىللاغا خىزمەت قىلغان كىشى ئىمىش، ھەر كۈنى پەيغەمبەرنىڭ ناشتىلىقىغا سۈت ئەكېلىپ بەرگەنمىش.
بۇرۇن بۇ يەردىكى بۇلاقتىن سۇ جىق چىقىدىغان بولۇپ، شۇ سۇ بىلەن شال تېرىلاتتىكەن. 50 - يىللاردىن بۇرۇن تاۋاپ مەزگىلىدە بۇلاق ئەتراپى قايناق بازارغا ئايلىناتتىكەن، مازار سەيلىسىگە ئۇيغۇرلاردىن باشقا، خەنزۇ، خۇيزۇلارمۇ كېلىپ قاتنىشىدىكەن، كېيىن بارا - بارا بۇلاقنىڭ سۈيى تارتىلىپ كېتىپتۇ.





# جاللات خېنىم مازىرى

جاللات خېنىم مازىرى يەكەن كونا شەھەر ياڭاقكۆل بېشى ئەتراپىدا، يەنى خانىقا دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە، كونا شەھەردىن هارۋىلىق 10 مىنۇتتا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇ ئەتراپى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى بىلەن ئورالغان كىچىك زاراتگاھلىق بولۇپ، زاراتگاھلىقنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرىسىدا جاللات خېنىمنىڭ ئاددىيغىنا بىر سۇپىلىق خام كېسەكلىك قەبرىسى بار. قەبرە ئۈستىگە نۇرغۇن توغ-ئەلەملەر قاداپ قويۇلغان. بەزى تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە، جاللات خېنىمنىڭ كىچىك ئىسمى مەھلىيا خېنىم ئىكەن، ئۇ سۇلتان باباخاننىڭ قىزى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەلىكىلىرىدىن بىرى ئىكەن. ئۇ ئاپاق خوجىغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئاپاق خوجىنى، ئاپاق خوجىنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى يەھياخاننى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ

بىر سوپىسىنى ئۆلتۈرۈپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىساسىنى ئالغانىكەن ۋە ئۆزىنىڭ ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن ئوغلى ھەسەن خوجا (خوجا مەھدى) نى تەختكە چىقىرىپ ۋە ئۆزى خېنىم پادىشاھ بولۇپ، ئۈچ يېرىم يىل يۇرت سورىغانىكەن. شۇڭا ئۇنى ئىشانلار جاللات خېنىم دەپ ئاتىغانىكەن. ئاپاق خوجىنىڭ چوڭ خوتۇنى مەكتىلىك بولۇپ، ئاپاق خوجا ۋە ئوغلىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەكتىلىك سوپىلارنى ئىشقا سېلىپ، جاللات خېنىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. ئۇ ئەسلىدە ئالتۇنلۇقتا قويۇلۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ئىشانلار ئۇنىڭغا ئۆچ بولغاچقا، ئۆلتۈرۈپ مۇشۇ يەرگە قويغانىكەن. جاللات خېنىم مازىرىغا يېقىن يەردە يەنە ئىككى توغ قادالغان ئاددىي مازار بولۇپ، بۇ مازار ھەققىدىكى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردە ياتقان سۇلتانە ۋەسىل قۇرئان (سۇلتانە ۋەسىلكالام) دېگەن كىشى ئەسلىي مەدىنىدىن تارقاتقىلى كەلگەنمىش، بۇ كىشى چىش، قۇلاق ئاغرىقىغا ھۆددىگەر ئىكەن. بۇ مازاردىن ئۆتكەندىن كېيىنكى مازار سۇلتانە كاسانى ۋەلىيۇللانىڭ مازىرى بولۇپ، بۇ كىشى ئەرەبىستاندىن كەلگەنمىش، قەرزگە ھۆددىگەر ئىمىش.





# خوجا مىڭ دۆڭ مازىرى

خوجا مىڭ دۆڭ مازىرى يەركەن ناھىيە كۆنچى يېزا گۈلباغ كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان. مازار دۆڭلۈكتىكى يەرلىكلەر قەبرىستانلىقىنىڭ چېتىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، دۆڭلۈكنىڭ مازار بار تەرىپىنىڭ تۆۋىنى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى. مەقبەرە تۇلۇق شەكلىدە بولۇپ، ئەتراپى بىر مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى قېلىن كېسەك تام بىلەن قورشالغان. قورشاۋ تامنىڭ ئىچىنى قويۇق يۇلغۇنلار قاپلاپ كەتكەن، مەقبەرە ئۈستىگە تۇغ ـ ئەلەملەر قادالغان ۋە ناھايىتى يوغان قوچقار مۈڭگۈزلىرى قويۇلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھۆججاز زالىم پادىشاھ چېغىدا ئاتاقلىق خوجىلاردىن 1000 كىشىنى ئۆز ئوردىسىدا ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يالغان خوجىدىن بىرى چىقىپ قېلىپ، ئۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ھۆججاز پادىشاھ

مىلىڭ خوجىنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئۇلارنىڭ قېنىدا تۇغمەن چۆرۈگەن، ئۇستىخانلىرىنى سېپىلغا ئۇل قىلىپ قويغانىكەن. بۇ سېپىل مىلىڭ خوجا مازىرىدىن 600 مېتىرچە يىراقلىقتا بولۇپ، سېپىلنىڭ تېشىدىكى ئېتىزلىق ئارىسىدا تاشلىق مازار دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مازار بار. مازار ئورنىغا ئېگىز خادا تىكلىنىپ، ئۈستىگە تۇغ ـ ئەلەملەر ئېسىۋېتىلگەن. رىۋايەتتىن قارىغاندا، بۇ كىشى ئەسلى تاشكەنتتىن كەلگەن داڭلىق تېۋىپ بولۇپ، نۇرغۇن بىمارلارنى ساقايتقانىكەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى تاشكەنتتىن كەلگەن، بۇ يەرگە يەرلىك ئەمەس دەپ قاراپ، يەرلىكلەر سېپىل تېشىدىن ئورۇن بەرگەنىكەن. بۇ مازارنى كىشىلەر قەرزدارغا ھۆددە دەپ قارايدۇ.

خوجا مىلىڭ دۆڭ مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.





# سۇلتانىم مازىرى

سۇلتانىم مازىرى يەركەن ناھىيە چارەك يېزا قوغان كەنتىنىڭ ئايىغىدىكى قۇملۇققا جايلاشقان. مازار قۇملۇقنىڭ بىر كىلومېتىر ئىچكىرىسىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، يىراقتىن ئېگىز تۇغ - شەددىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەقبەرە تۇلۇق شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۇغ - شەددە قادالغان خادىنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن ئاشىدۇ. شەددىلەرنىڭ كەڭلىكىگە 10 نەچچە ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدۇ. شەددىنىڭ يەتتە يېرىگە تۇغ - ئەلەم قاداش ئۈچۈن شوتا قويۇپ قويۇلغان. بۇ ئەتراپتا يەنە مازارغا تەۋە بىرقانچە ئېغىز ئۆي بار.

شەيخنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مازار ئوردىخان پادىشاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سۇلتانىم ئوردىخان پادىشاھ

ئەلى ئارسلانخاننىڭ خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچ تۇتقۇچىسى ئىكەن.

سۇلتانىم مازىرىغا بېرىشتىكى قۇملۇق يول ئۈستىدە، ئىككى ئورۇنغا تۇغ - شەددىلەر قاداپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ھاجەت خېنىم مازىرى، يەنە بىرى جاللات خېنىم مازىرى دەپ ئاتىلىدىكەن. سۇلتانىم مازىرىنىڭ 400 مېتىرچە شەرق تەرىپىدە بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى دەپ ئاتىلىدىغان توپا قۇرۇلمىلىق مەقبەرە بار. مەقبەرە يېنىغا 7 – 8 مېتىر ئېگىزلىكتە خادا تىكلەنگەن، ئۈستىگە تۇغ – ئەلەملەر ئېسىۋېتىلگەن، مازار ئەتراپى يۇلغۇن ۋە قومۇشلار بىلەن قاپلانغان. شەيخنىڭ ئېيتىشىچە، بۇۋى مەريەم خېنىم 14 – 15 ياشلىق تېخى ياتلىق بولمىغان قىز بولۇپ، سۇلتانىمنىڭ سىڭلىسى ئىكەن. بۇ مازارنى ئاياللار كۆپ تاۋاپ قىلىدۇ. شەيخنىڭ قوغان كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقان ئۆيىنىڭ كەينىدىكى قەبرىستانلىقتا دوۋزا خېنىم پاكى قىلىچ بوغراخان دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مازار بار. مەقبەرە ئورنىغا ناھايىتى ئېگىز شەددە قادالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل رەڭدىكى تۇغ - ئەلەملەر قادالغان. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، بۇ يەردە بۇرۇن چوڭ بىر شەھەر بولغان بولۇپ، بۇ كىشى شۇ شەھەرنىڭ دەرۋازا باققۇچىسى ئىكەن. مازار شەيخنىڭ ئېيتىشىچە، بۇرۇن ئوردام پائالىيىتى مەزگىلىدە، يەكەن تەۋەسىدىن ئوردامغا تاۋاپقا بارغۇچىلار ئالدى بىلەن بۇ يەردىكى سۇلتانىم مازىرىنى، ئاندىن يەكەن چارەكتىكى يۈسۈپ قادىرخان مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، بېگىسارنىڭ قىزىل ئارقىلىق ھەزرىتى بېگىم مازىرىغا بارىدىكەن. ئۇ يەردىكى تاۋاپنى تۈگىتىپ، ئاندىن ئوردامغا بارىدىكەن.



# يۈسۈپ قادىرخان مازىرى

يۈسۈپ قادىرخان مازىرى يەكەننىڭ چارەك يېزىسى كورۋات كەنتىگە قاراشلىق بولۇپ، يەكەن ــ قەشقەر تاشيولىدىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ تاشلىق يولدا 10 نەچچە كىلومېتىر مېڭىپ تاغ قاپتىلىغا كېلىپ، شۇ تاغنى ياقىلاپ يەنە بىر ــ ئىككى كىلومېتىر ماڭغاندا ئۇنىڭغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ يوللار تامامەن تاشلىق يول بولۇپ، مازارغا 200 ــ 300 مېتىر قالغان يەردە سۆگەت، جىگدە، توغراق دەرەخلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر پارچە ئورمانزارلىق بار. مازار جايلاشقان تاغ باغرىدا بىرقانچە ئېغىز ئۆي، بىر ئۇستى يېپىقلىق، ئاستىغا كىگىزلەر سېلىنغان خانىقا ۋە قوتان بار. بۇ يەردىن ئازراق نېرىدا بىر باسما قۇدۇق بار. مەقبەرە ئېگىز تاغ ئۈستىدە بولۇپ، ئۆزئارا ئارىلىقلىرى بىرقانچە يۈز مېتىر كېلىدىغان ئۈچ تاغ چوققىسىغا ئۈچ ئېگىز شەددە قادىلىپ، ئەتراپلىرىغا تاش

دۆۋلەنگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شەددىلەر ئايرىم ـ ئايرىم هالدا يۈسۈپ قادىرخان، جالالات خېنىم ۋە بۆشۈك ئانامنىڭ نامىغا قادالغانىكەن. بۇ ئەتراپ بۇرۇن كۆك رابات دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، غەربكە ئۆتىدىغان چوڭ يولنىڭ تۈگۈنى، يەنى يىپەك يولىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى.

يۈسۈپ قادىرخان (يۈسۈپ بىننى ھەسەن ) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پەي نەۋرىسى بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زور تەسىرگە ئىگە خاقانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا تىنىمسىز جەڭلەر ئېلىپ بېرىپ، تارىختا مۇھىم ئىز قالدۇرغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ھىجرىيە 424 ـ يىلى (مىلادىيە 1032 ـ يىلى) قەشقەردە ۋاپات بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدىكى قۇم دەرۋازىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى «گۆرىستان بويى» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. يەكەندىكى يۈسۈپ قادىرخان نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مازارنىڭ زادى قانداق شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزىلەر ئۇنى ئوردىخان پادىشاھىمنىڭ سەركەردىسى دېسە، يەنە بەزىلەر بۇددىستلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان پادىشاھ دەيدۇ. خەلق ئىچىدە بۇ مازار توغرۇلۇق مۇنداق رىۋايەت تارقالغان: يۈسۈپ قادىرخان ئۈچ كىشى بىلەن قاغىلىق تەرەپتىن كېلىپ سادىق ھاجىم خاتىۋاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ (يەكەننىڭ داخانچى كەنتىدە)، بىر ئات بېرىپ تۇرۇڭ، ئاتنى ئەتە زو ۋاقتى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىمەن، دېگەن. ئەتىسى ئەتىگەندە ئات پەيدا بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن داخانچىلىقلار كۆك راباتنىڭ ئاچچىق دېگەن جايىدىكى تاغ ئۈستىگە توغ ـ شەددە قاداپ مازار قىلغانىكەن.

تاغ ئۈستىدىكى يۈسۈپ قادىرخان نامى بىلەن ئاتالغان تاش دۆۋىلىك قەبرىنىڭ ئەتراپىغا تاۋاپچىلار لاتا قۇرچاق ياساپ ياكى تاشنى جۈپ قىلىپ باغلاپ قويۇپ قويغان، يەنە بەزىلەر ئازراق توپا دۆۋىلەپ، ئۈستىگە ئىنچىكە شاخلارنى سانجىپ قويغان. يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قۇرچاق قويۇش بالىلىرىم غول بولسۇن دېگەن مەنىنى، توپا دۆۋىلەش چەشىم ئېگىز بولسۇن دېگەن مەنىنى، تاشلارنى جۈپ قىلىپ چىگىپ قويۇش ئۆيلۈك ــ ئوچاقلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى بىلدۈرەرمىش. يۈسۈپ قادىرخان مازىرىدىكى تاغ قاپتىلىدا داش خېنىم دەپ ئاتىلىدىغان يەر بولۇپ، بۇ يەرگىمۇ تۇغ ــ شەددە قاداپ قويۇلغان. كىشىلەر بۇ يەرنى كېكەچلەرگە ھۆددە دەپ قاراپ، توپىسىنى تىلى تولۇق چىقمىغان ياكى كېكەچ بولۇپ قالغان بالىلىرىغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ مازار ئۇزۇندىن بۇيان يەكەن، خوتەن، يېڭىسار خەلقىنىڭ زىيارەت ــ تاۋاپ قىلىدىغان جايى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇرۇن ئوردامغا ماڭغانلار يۈسۈپ قادىرخان مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ ئاندىن ئوردامغا باراتتى.





# قاراخان بۇزرۇكۋار مازىرى

قاراخان بۇزرۇكۋار مازىرى يەكەن ناھىيە كاچۇڭ يېزا چىمدۇ كەنتىدە بولۇپ، يەكەن دەرياسىنىڭ سۇ بېشىغا جايلاشقان. مازار دەرياغا يېقىن جايدىكى دۆڭلۈكتە بولۇپ، مەقبەرە ئەتراپىغا تام ئېتىلگەن. ئۈستى تەرىپى ئەتراپى ئوچۇق، چوققىسى ئۈچبۇلۇڭلۇق شىپاڭ شەكلىدە قىلىپ يېپىلغان. مەقبەرە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە تۇغ ـ ئەلەملەر قادالغان. مازارنىڭ يېنىدا چوڭراق بىر خانىقا بار، خانىقاغا شەيخنىڭ قورۇسى ئارقىلىق كىرگىلى بولىدۇ.

مازارنىڭ ھازىرقى شەيخى تاھىر ئىسمايىل بۇ يىل 101 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ يەردە شەيخلىق قىلغىلى 60 يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇ مازار ئەتراپىدىن يەر ئېچىپ ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ، باغ بىنا قىلىپتۇ. شەيخنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ بىر ئايال كىشىنىڭ مازىرى بولۇپ، ئۇ

دەريا بويىدا بالىسىنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرىتىۋاتقاندا كۆپپارلار قوغلاپ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى قويىنىغا ئېلىش توغرۇلۇق يەرگە ئىلتىجا قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەر يېرىلىپ، ئۇنى بالىسى بىلەن قوشۇپ قويىنىغا ئاپتۇمىش. بۇ مازار بۇرۇن دەريا سۈيى جىق ۋاقىتلاردا دەريانىڭ لېۋىدە بولۇپ، كىشىلەر كېمىلىك دەريادىن ئۆتۈپ، بۇ يەرگە سۇ تىلىگىلى كېلەتتىكەن. ھازىر بالىلىق ياكى ئۆيلۈك بولۇشنى تەلەپ قىلىپ كېلىدىغان ئاياللار كۆپ. قاراخان بۇزرۇكۋار نامى بىلەن ئاتالغان مازار يېغىسار قاتارلىق جايلاردىمۇ بار.





# شەيدان مازىرى

شەيدان مازىرى پوسكام ناھىيە ئايكۆل يېزىسىنىڭ شەيدان كەنتىگە جايلاشقان. شەيدان مازىرىنىڭ قاچان بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ مازار ئىسلام ئاچقۇچى ئىمام مۇھەممەد مىرەك باقى، مۇھەممەد سادىق ئىسىملىك ئىككى كىشىنىڭ باشچىلىقىدا مۇشۇ جايغا كېلىپ جەڭ قىلغاندا شېھىت بولغانلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئىكەن (بۇ مازاردا ياتقان كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 5 ـ ئەۋرىسى بولىدۇ، دېگەن رىۋايەتمۇ بار).

1580 ـ يىلى دىن تارقاتقۇچى ئىسھاق خوجا ئىسىملىك كىشى بۇخارا دائىرىلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ مۇشۇ جايىنى ئۆزىگە ماكان تۇتۇپ ياشىغان، ئۇ، كىشىلەرگە بۇ يەردە ئەۋلىيا ـ ئەزىمەلەر بار دەپ تەرغىب قىلىپ، بۇ يەرگە تۇغ ـ ئەلەم قاداپ، مەسچىت ـ خانىقالارنى سېلىشقا دالالەت قىلغانىكەن. ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەشۋىق ـ تەرغىباتلىرى

ئارقىلىق، بۇ جاي ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ چوقۇنۇپ تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەسگاھىغا ئايلانغان. ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 1 - ئاي (مۇھەررەم)، 7 - ئاي (رەجەپ)، 8 - ئاي (شەئبان)لاردا بۇ يەرگە قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، مەكىت، ھەتتا خوتەن، قەشقەر ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان بولغان. شۇ چاغلاردا ئۇلار پەيشەنبە كۈنى قوي، كالا، ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىق نەزىر - چىراغ بۇيۇملىرىنى ئەكېلىپ تاۋاپ قىلىپ، جۈمە كۈنى قايتىپ كېتىدىكەن. بەزى تەقۋادار كىشىلەر بىر كەلسە بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇرۇپ قالىدىكەن. ئۇلار ئاخۇنلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن خەتمىقۇرئان، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ئاللادىن ئۆزلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلەيدىكەن.

1949 - يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، شەيدان مازىرى 2800 مو ۋەخپە يەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ يەرلەر يەكەن، قاغىلىق، پوسكامدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە تەۋەسىگە تارقالغان، يىللىق يەر ئىجارىسى ئۈچۈن 3000 — 4000 چارەك ئاشلىق يىغىۋېلىنغان. مازاردا كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان جامە مەسچىتى، 50 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي، 10 مولۇق بېغى بار بىر مەدرىسىمۇ بولغان. ئازادلىقتىن كېيىنكى يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، مازارنىڭ ۋەخپە يەرلىرى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ھازىر مازارلىقتا بىر مەسچىت ۋە مەسچىتتىن يىراق بولمىغان جايدىكى يەرلىكلەر قەبرىستانلىقى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن تۇغ - شەددىلەر قادالغان ئاددىي مەقبەرە بار. قەبرە ئەتراپى خېلى يەرگىچە قويۇق جىغان (تىكەن) بىلەن قاپلانغان بولۇپ، مېڭىش تەس. شۇڭا، تاۋاپ قىلىدىغانلار كۆپىنچە مەقبەرە يېنىغا بارماي، يىراقتىن دۇئا قىلىپ قايتىشىدۇ.



ئۇيغۇر مازارلىرىدىن كۆرۈنۈش

# ياسىدون مازىرى

ياسىدون مازىرى پوسكام ناھىيە كۆيباغ يېزىسى ياسىدون كەنتىگە جايلاشقان. ئېيتىلىشىچە، بۇ مازار ناھىيە بويىچە ئەڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، مىلادىيە 987 – يىلى 6 – ئايدا ھەزرىتى سېيىت ئوسمان باتۇردىن باشچىلىقىدىكى ئىسلام ئاچقۇچىلار ياسىدونغا كېلىپ بۇددىستلار بىلەن ئېلىشقانىكەن. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەڭ قىلىش ئارقىلىق بۇ جاينى بويسۇندۇرغان. ئۇرۇش داۋامىدا ھەزرىتى سېيىت ئوسمان باتۇردىنىنىڭ نۇرغۇن ئادىمى شېھىت بولۇپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن. سېيىت ھىبۇل باقى ئىسىملىك بىر كىشىنى بۇلارنىڭ مازىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قالدۇرۇپ قويغانىكەن. نۇرغۇن زامانلار ئۆتۈپ 19 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، سېيىت ھىبۇلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن قوشقار شەيخ بۇ مازارغا شەيخ بولغاندا، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ مازارنى قايتىدىن كېڭەيتىپ ياساتقان. شۇنىڭدىن باشلاپ مازار مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، پوسكام، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق ئۈچ ناھىيىنىڭ قىسمەن رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپگاھىغا ئايلانغان.



# زۇڭلاڭ مازىرى

شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولى بىلەن قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىن غەربىي جەنۇبقا 37 كىلومېتىر يۇرگەندىن كېيىن، شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 10 نەچچە كىلومېتىرچە ماڭساق مەنزىرىسى گۇزەل زۇڭلاڭ جىلغىسىغا كېلىمىز. بۇ مازار زۇڭلاڭ جىلغىسىدىكى ئېگىزلىكى 140 مېتىرچە كېلىدىغان تىك قىيا تاغ باغرىغا جايلاشقان.

زۇڭلاڭ مازىرى ئاقسۇدىكى قىرمىش ئاتا مازىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان، تەبىئىي مەنزىرىسى ئەڭ گۇزەل مازارلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەقبەرە ئورنىدا 140 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى تاغنىڭ چوققىسىغا ئازراق تاش دۆۋىلىنىپ، تۇغ ـ شەددىلەر قاداپ قويۇلغان. تاغ ئۇستىدە لەپىلدەپ تۇرغان تۇغ ـ شەددىلەر يىراقلاردىن كۆزگە چېلىقىدۇ. تۇغ ـ شەددە قادالغان ئورۇننىڭ 10 نەچچە تىر تۆۋىنىدە ئۈچ مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتا تاغ ئۆڭكۈرى بار.

شەيخنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مازار ھايات مازار بولۇپ، دۈشمەنلەر قوغلاپ كەلگەندە، سۇلتان سابىر مۇشۇ تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ كەتكەنىكەن. تاغ تۆۋىنىڭ بىر مېتىر ئېگىز جايىدىكى كۆزلەردىن بۇلاق سۈلىرى خۇددى كۆز يېشىدەك تېمىپ پاكى چوكىدەك ئىنچىكىلىكتە ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ بۇلاق سۈلىرى قوشۇلۇپ، يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان كىچىك ئېرىقچىلارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئېرىقچىلار يىغىلىپ جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرياغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. يەنە بۇ يەردە «ئالتۇن بۇلاق»، «مۇقەددەس بۇلاق»، «ئايغىر بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقلار بولۇپ، بۇ بۇلاقلار سۇلتان سابىر ئاتىنىڭ تامغان كۆز يېشىدىن شەكىللەنگەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. «ئالتۇن بۇلاق» بەل، پۇت، كۆز ئاغرىقلىرىغا داۋا دەپ قارالغاچقا، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ يەرگە كېسەلگە داۋا ئىزدەپ كېلىدۇ. «ئايغىر بۇلاق» پەرزەنتكە ھۆددىگەر ئىلاھىي بۇلاق دەپ قارىلىدۇ. تاغ باغرىدىكى بۇلاق بېشىدا نۇرغۇن قەدىمىي توغراق، سۆگەت دەرەخلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ئايلانمىسى ئۈچ مېتىردىن ئاشىدىغان، 750 يىللىق قەدىمىي سۆگەت بار بولۇپ، بۇ سۆگەت خوجامنىڭ ھاسىسىدىن كۆكلەپ چىققان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ سۆگەت دەرىخى ئوغرى ئالغانغا ھۆددە دەپ قارىلىپ، كىشىلەر بىرەر نەرسىسىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويسا، سۆگەت تۈۋىدە قان قىلىپ، سۆگەتنىڭ شېخىنى يارىدىغان ئادەت بار. شۇنداق قىلغاندا ئوغرىنىڭ بۇرنى تېخىمۇ پوكۇلداپ، ئوغرىلىغان نەرسىنى تاشلىۋېتەرمىش ياكى شۇ ئوغرىنى پالاكەت باسارمىش. بۇ خىل ئادەت خوتەنىنىڭ گـ ناھىيىسىدىكى مازارلاردىمۇ بار. شۇ سۆگەتتىن 20 مېتىرچە يىراقلىقتا يەنە بىر قەدىمىي سۆگەت

تۇغمىغان ئاياللار ھامىلە تەلەپ قىلسا، شۇ سۆگەتنى قۇچاقلايدىغان ئادەت بار. تۇغ قادالغان تاغنى ياقىلاپ ماڭغاندا، ئەينى چاغدىكى ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ تۆشۈك بولۇپ قالغان كامار، ئۇرۇشتا ئوزۇق ـ تۈلۈك ساقلانغان ئۆڭكۈر، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئېتى ئوت يېگەن ئوقۇر دەپ رىۋايەت قىلىنغان جايلار بار. تاغ ئەتراپى نەچچە كىلومېتىر بەرگىچە ياپيېشىل ئوتلاق ۋە دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان. تاغ باغرىدا مازار شەيخلىرى تەرىپىدىن كولانغان بىرقانچە ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە بىر تاش ئۆڭكۈر بار. بۇ ئۆڭكۈر خەتمىقۇرئان ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

زۇڭلاڭ مازىرىنىڭ قاچان ۋە قانداق بەرپا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خىلمۇخىل رىۋايەتلەر بار. شۇلارنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، مىلادىيە 990 ـ يىلى ئىسلام پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ بىر تارمىقى قەشقەرگە كەلگەنىكەن، ئۇلار ئىچىدە باغداد، كاسان ۋە خارەزىم قاتارلىق جايلاردىن كەلگەنلەر بار ئىكەن، ئۇلار «ئون تۈمەن كىشىلىك قوشۇن» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلار بىلەن ئۇدۇن (خوتەن) قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر قېتىملىق جەڭ مۇشۇ يەردە يۈز بېرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىسلام پىدائىيلىرىنىڭ سەردارى جالالىددىن، كاسسار ۋە مۇھەممەددىن ئىمام قاتارلىق كىشىلەر قازا قىلغانىكەن. شۇڭا كىشىلەر تۆت ئىمامنىڭ بىرى بولغان مۇھەممەددىن ئىمام ۋە جالالىددىن، كاسسار قاتارلىق ئۇلۇغلار ھەمدە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ 3 ـ ئوغلى ئوسمان بۇغراخان مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان دەپ قاراپ، بۇ مازارنى ئۇلۇغ بىلىپ تاۋاپ قىلىشىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە، بۇ مازاردا ياتقان كىشى سۇلتانى سابىر ۋەلىي ئاتا بولۇپ، ئۇ قاغىلىق جاڭگىلىئەسكى يېزىسى جاڭگىلىئەسكى كەنتىگە جايلاشقان

جەددى پاشايىم مازىرىدا ياتقان كىشىنىڭ ئىنىسى دېيىلگەن. بۇ مازارنى ھازىر 64 ياشلىق زاكىر شەيخ ساقلاۋېتىپتۇ.

مازار توغرىسىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەر، رىۋايەتلىك ئىزلار ۋە ھەيۋەتلىك تاغ مەنزىرىسى، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۇلىرى كىشىنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ مازار «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.





# ئاخۇنلۇقۇم مازىرى

ئاخۇنلۇقۇم مازىرى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىدا بولۇپ، يېزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن بەتتە كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقتا جايلاشقان، خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "77°09'28، شىمالىي كەڭلىك "39°10'22 قا توغرا كېلىدۇ. بۇ مازارنىڭ قوغدىلىش كۆلىمى 410 مو. ئاخۇنلۇقۇم مازىرىدا ياتقان كىشىنىڭ ئەسلىي ئىسمى موللا ريهم قۇل خوجا بولۇپ، ئۇ 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى بۇخارانىڭ دەھجىد دېگەن يېرىدىن مۇشۇ ئەتراپقا كېلىپ ئىسلام ئاچقان ھەمدە مۇشۇ يەردە ۋاپات بولۇپ دەپنە نغانىكەن. كېيىنچە بۇ يەر ئاخۇنلۇقۇم مازىرى دەپ

ئاتالغان. بۇ مازار قەشقەر تەۋەسىدە تەسىرى چوڭ بولغان مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇرۇن ھەر بارات ۋە ھوشۇر ئايىمىدە، سان - ساناقسىز كىشىلەر مازارغا يىغىلىپ ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى. ھەربىر ئايەم 10 — 15 كۈن داۋام قىلاتتى ۋە ئايەم مەزگىلىدە بۇ ئەتراپ قىزىق بازارغا ئايلىناتتى، چېلىشىش، مەدداھلىق، مەشرەپ پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى، بۇ ئەينى چاغدا ئاخۇنلۇقۇم سەيلىسى دەپ ئاتىلاتتى. مازار جايلاشقان ئورۇن ئەسلى بىر لەڭگەر بولۇپ، بۇرۇن قەشقەردىن مارالبېشىغا بارىدىغان كونا يول مۇشۇ مازاردىن ئۆتەتتى. كىشىلەر بۇ يەرگە كەلگەندە، ئات - ئۇلاغلىرىنى ئارام ئالدۇرۇپ، ئۆزلىرىمۇ دەم ئالغاچ، مازاردا سەپەرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، تىنچ بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ ئاندىن سەپەرلىرىنى داۋام قىلاتتى. بۇ مازارنىڭ تەسىرى چوڭ بولغاچقا، مارالبېشى، مەكىت، بوپۇرغا، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئۆلۈم - يېتىم بولغاندا كىشىلەر ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، مېيىتنى شوتىغا تېڭىپ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ دەپنە قىلاتتى. ئاخۇنلۇقۇم مازىرىدا مەقبەرە ئورنىدا قۇملۇق ئۈستىگە ناھايىتى ئېگىز شەددىلەر تىكلىنىپ، ساناقسىز تۇغ - ئەلەملەر قادىۋېتىلگەن. يەرلىكلەرنىڭ قەبرىلىرى مۇشۇ شەددىنى مەركەز قىلىپ ئايلاندۇرۇپ قويۇلۇپ، قۇملۇق ئىچىدە ناھايىتى چوڭ زاراتگاھلىقنى شەكىللەندۈرگەن. يەرلىكلەر مەقبەرىلىرىنىڭ ئالدىغا مېيىتنى ئەكەلگەن چاغدىكى شوتىلار تىكلەپ قويۇلغان بولۇپ، نۇرغۇن چوڭ - كىچىك شوتىلار بىرلىشىپ ئاجايىپ بىر زاراتگاھلىق مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن.



ئۇيغۇر مازارلىرىدىن كۆرۈنۈش

# چارباغ مازىرى

چارباغ مازىرى مارالبېشى ناھىيىسى چارباغ يېزىسىغا تەۋە تاغ باغرىغا جايلاشقان قەدىمىي قەبرىگاھلاردىن بىرى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئەلى بۇ يەرگە ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن لەشكەر باشلاپ كېلىپ بۇددىستلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغانىمىش. ئەينى زاماندا بارچۇق بۇددىستلىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولغاچقا، ئىسلام غازاتچىلىرىدىن بىرمۇنچىلىرى جەڭدە شېھىت بولغانىمىش، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى مۇرىتلىرى تەرىپىدىن يېقىن ئەتراپتىكى تاغنىڭ باغرىغا دەپنە قىلىنىپ ھازىرقى مازار شەكىللەنگەنىكەن.

چارباغ مازىرىنىڭ بۇرۇن قەشقەر تەۋەسىدە خېلىلا داڭقى بار مازار بولۇپ، ھەر يىلى ھېيت — ئايەم كۈنلىرى مارالبېشى، قەشقەر، مەكىت، يوپۇرغا، ئاقسۇ، ئاۋات قاتارلىق جايلاردىن كىشىلەر كېلىپ مازارنى تاۋاپ قىلىپ، جەڭدە شېھىت بولغانلار روھىغا ئاتاپ نەزىر — چىراغ بېرىپ، دۇئا — تىلاۋەت قىلاتتى.



ئۇيغۇر مازار مەسچىتلىرىدىن كۆرۈنۈش

# كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 11 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يانتاق يېزىسىنىڭ ئۈيۈلۈق (بۇرۇنقى ئىسمى بۆلۈمە) كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان.

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرىنى كىشىلەر يەنە «كۆك تاللىق ئاتام مازىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. بۇ نام ئاساسەن مازارلىق ئەتراپىدا كۆك تال (ياش توغراق كۆچەتلىرى) بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى جايلاشقان ئورۇن يەر يۈزىدىن تەخمىنەن ئىككى مېتىرچە ئېگىز بولغان سېغىز توپىلىق

تۆپىلىك بولۇپ، ئەتراپى تېرىلغۇ يەر ۋە مەھەللە يولى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. بۇ جايدا توغراق، يۇلغۇن، يانتاق، قومۇش، بۇيا قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

بۇ مازارنىڭ نامى ئەسلىي بۇ جايغا دەپنە قىلىنغان يەتتە كىشىنىڭ نامىغا قويۇلغان بولۇپ، ھازىر بۇ قەبرىلەر ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقى ئىچىدە قالغان.

مازاردىكى يەتتە كىشىنىڭ جەسىتى دۈم كۆمتۈرۈلگەن يەتتە دانە ئىچى كاۋاك توغراق ياغىچىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، بەش كىشىنىڭ جەسىتى بىر جايغا (قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي ـ شىمال تەرىپىگە) دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قالايمىقان مېيىت قويۇشى سەۋەبلىك مازارنىڭ شەيخلىرى كۆرسەتمىسە بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان. باشقا ئىككى كىشىنىڭ جەسىتى بۇ بەش كىشىنىڭ قەبرىسىدىن 50 مېتىرچە غەرب تەرەپكە دەپنە قىلىنغان. بۇ ئىككى قەبرە شىمال ـ جەنۇب يۆنىلىشى بويىچە جايلاشقان بولۇپ، ئۈستى تەرىپى ئېچىلىپ قالغان. لەھەتكە دۈم كۆمتۈرۈلگەن كاۋاك توغراق ياغىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2.20 مېتىر، كەڭلىكى 60 سانتىمېتىردىن 70 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ.

قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئەتراپىتىكى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ. جەسەتنىڭ ئۈستىگە كاۋاك توغراق ياغىچىنى دۈم كۆمتۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەبرىلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ بېقىش كېرەك.



# قىزىلچى مازىرى

ئۇيغۇر مازارلىرىدىن كۆرۈنۈش

قىزىلچى مازىرى (قىزىلچى خېنىم مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 36 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىزىل ئاۋات يېزىسى قىزىلچى كەنتىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدىغان دۆڭلۈك ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 480 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. مازارلىقنىڭ شەرقىي تەرىپى جاڭگاللىقتا، قالغان تەرىپى كەنت مەھەللىسى ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. مازارلىقتا چوڭ ـ چوڭ توغراقلار بار.

مازارلىق ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن، غەربىي جەنۇبىي بۆلىكى بىرقەدەر چوڭ كۆلەمدە بولۇپ، ھەممىسى يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن ئىبارەت.

مازارلىقنىڭ شەرقىي شىمال بۆلىكى كىچىكرەك كۆلەمدە بولۇپ، مەركىزىي قىسمىدا چوڭ بىر مەقبەرە بار. بۇ مەقبەرە چوڭلۇقى $4.5\times4$ مېتىر كېلىدىغان قەبرە سۇپىسى ئۈستىگە خام كېسەك بىلەن سېلىنغان، مەقبەرىنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ كەتكەن، باش تەرىپىدە بىر تۈپ قېرى توغراق بار. كىشىلەر توغراق شاخلىرىغا ھەر خىل ئەلەم، لاتا پۇرۇشلىرىنى ئېسىپ قويغان.

مازارنىڭ تەزكىرىسىنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مازارلىقتا قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان مەلىكىسى بۇۋى مەريەم خېنىم ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ھەمراھى دەپنە قىلىنغان. ئەينى چاغدا، بۇلار جەڭ قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۇپپارلار تەرىپىدىن قەتلە قىلىنغان. مازارلىق شۇ خېنىمنىڭ نامى بىلەن «قىزىلچى خېنىم مازىرى» دەپ ئاتالغان. يەنە بىر رىۋايەتتە، مەلىكە ئۆز مۇرىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى تارقىتىپ يۈرۈپ، مۇشۇ يەردە ۋاپات بولغان. قىزىلچى مازىرىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ ھوقۇشدۆڭ كەنتىدىكى قارا ساقال ئاتام مازىرى، شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ قازانكۆل كەنتىدىكى قويلۇق ئاتام مازىرى ئاشۇ قىزىلچى خېنىمنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مازارلىرى ئىكەن.

ئۇزۇندىن بۇيان يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ، تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى ياد ئېتىپ كەلمەكتە. 40 - يىللارغا قەدەر چوڭ يول مازار يېنىدا بولۇپ، ئات - ئۇلاغلىق كىشىلەر مازارغا 100 مېتىر قالغاندا ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ، مازارغا دۇئا قىلىپ ئاندىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. ھازىرمۇ بالا تەلەپ قىلىپ كېلىدىغان ھاجەتمەنلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر كۆز، قۇلاق ئاغرىقى ۋە ھەر خىل جاراھەتلەر داۋاسى ئۈچۈن مازاردىكى قەدىمي توغراقنىڭ تامغان سۇلىرىدىن بوتۇلكىلارغا قاچىلاپ ئېلىپ كېتىشىدۇ.

1996 - يىلى قىزىلچى مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.



# شېھىتدۆڭ مازىرى

شېھىتدۆڭ مازىرى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شېھىتدۆڭ يېزىسى شېھىتدۆڭ كەنتىنىڭ 2 - مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۈچ تەرىپى تېرىلغۇ يەر، بىر تەرىپى چوڭ تاشيولغا تۇتىشىدۇ، قەبرىستانلىقتىكى توغراقلىقتا تۇتاشقان دۆڭ ئۈستىدە بىر گۇمبەز ۋە بىرقانچە قەبرە بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۇمبەز ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ قەبرىلەر ساقلىنىپ قالغان. قەبرىلەرنىڭ باش (شىمال) تەرىپىدە بىر تۈپ قېرى توغراق بار.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادىنىڭ 1533 - يىلى مەخدۇم ئەزەم مۇرىتلىرى بىلەن خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئىشان مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەزھەپ كۈرىشى يۈز بېرىپ،

ئاخۇنلۇق (ھازىرقى پەيزىۋات ناھىيىسى تەۋەسىدە)، تېرەك لەڭگەر (ھازىرقى يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدە)، شوردۆڭ (ھازىرقى مازار ئورنى) دېگەن جايلاردا سوپىلار ئۆزئارا سوقۇشقان. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ھەمراھى ۋە مەسلىھەتچىسى مەككە خوجا ئۆزىنىڭ 40 نەپەر مۇرىتى بىلەن مۇشۇ جايدا مۇھەممەد شېرىپ ئىشان مۇرىتلىرى تەرىپىدىن قەتلە قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، «شوردۆڭ» دېگەن بۇ جاي ئۇلۇغلارنىڭ شېھىت بولغان جايى سانىلىپ، ئەسلىدىكى شوردۆڭ سۆزى ھازىرقى «شېھىتدۆڭ»گە ئۆزگەرگەن.

شېھىتدۆڭ مازىرى 1996 - يىلى « ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.





ئۇيغۇر مازارلىرىدىن كۆرۈنۈش

# بەماغىلى مۇجات مازىرى

بەماغىلى مۇجات مازىرى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى داتۇڭ يېزىسى پەس لەنگەر دېگەن يەردىكى بىر كىچىك جىلغىغا جايلاشقان.

بەماغىلى مۇجات مازىرى قەبرىستانلىق ۋە بىر مەسچىتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 30 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ. مازارنىڭ قاچان بەرپا قىلىنغانلىقى ۋە بۇ مازارغا كىم دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا يازما ماتېريال يوق. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شاھباي ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچىنى شەرقىي ئەللەرگە دىن تارقىتىشقا ئەۋەتكەنىكەن. ئۇ ئۇمۇر بويى دىن تارقىتىپ، كۆپ رىيازەت چېكىپ، نۇرغۇن ساۋاپلىق ئىش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئاللادىن پەرزەنت تىلەپتۇ. ھەممىگە قادىر ئاللا ئۇنىڭغا 41 پەرزەنت بېرىپتۇ. شاھباي مۇراد ــ مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دىن تارقىتىش ئۈچۈن يەكەنگە كەپتۇ. شۇ

ئوغۇللارنىڭ ئىچىدىكى بەماغىلى مۇجات ئىسىملىك بىرى يەكەن دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ تاشقورغان داتۇڭ يېزىسىنىڭ پەس لەنگەر دېگەن يېرىگە كېلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلاردىن بەماغىلى ۋەلىي ئىسىملىك يەنە بىرى داتۇڭ يېزىسى يۇقىرى لەنگەر دېگەن يېرىدە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «بەماغىلى مۇجات» ۋە «بەماغىلى ۋەلىي» مازارلىرى بەرپا قىلىنىپتۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەكەن ھۆكۈمرانلىرى بەماغىلى مۇجاتنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭ مازىرىنى باساتقان ھەمدە پەس لەنگەرنى ئۇنىڭ مازىرىغا ۋەخپە قىلغان، بۇ يەردىكى تىرىلغۇ يەرلەرنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەملەرنى بېكىتكەن.

ھازىر مازاردا لايدىن قوپۇرۇلغان بەماغىلى مۇجاتنىڭ مەقبەرىسى دەپ ئاتىلىدىغان ئاددىي بىر قەبرە بار. مازار ئەتراپىغا ئىنچىكە ياغاچلار سانجىپ قويۇلغان. ياغاچلار ئارىسىغا مەرھۇمنىڭ ئۈچ تاش بۇيۇمى — ئۆتۈكسىمان تاش، تۆگە تاپىنىسىمان تاش، ئېگەرسىمان تاش قويۇلغان. مازار ئىچىدە تۆت سىرلىق نەرسە، يەنى بىر تاغار، بىر سۇپرا، بىر ھاسا، بىر تۇغ — ئەلەم بار. تاغار بىلەن سۇپرا قەبرىنىڭ سول تەرىپىگە ئېسىپ قويۇلغان، ھاسا بىلەن تۇغ قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە سانجىپ قويۇلغان. قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر تاش چىراغدان، بىر تۆمۈر چىراغدان بار، ئوڭ تەرىپىدە ئىككى داش قازان ئېسىقلىق ئوچاق بار.

بەماغىلى مازىرى شىنجاڭدىكى باشقا مازارلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئانچە ھەيۋەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن بىرقەدەر سۈرلۈك. مازار يەكەندىن تاشقورغانغا بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان. يولۇچىلار مازار يېنىغا كەلگەندە توختاپ، ھارۋا ۋە ئات — ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ مازارنى تاۋاپ

قىلىپ، دۇئا ــ تىلاۋەت قىلىشىدۇ. ئېيتىلىشىچە، بۇرۇن ھەر يىلى كۈز پەسلىدە بۇ مازاردا بىر قېتىم «تۇغ پائالىيىتى» ئېلىپ بېرىلىدىكەن.

بەماغىلى مازىرىدا يەنە كىچىك بىر مەسچىت، ئۇنىڭ يېنىدا بىر تۈپ چوڭ دەرەخ بار. ئېيتىلىشىچە، بۇ دەرەخ ئەسلىدە بەماغىلى مۇجات ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن ھاسىسىنى سانجىپ قويۇشىدىن كۆكلىگەنىكەن.





# كوھمارىم مازىرى

كوھمارىم مازىرى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب
تەرىپىدىن 26 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى لايقا يېزىسىنىڭ
جەنۇبى — قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى
كوھمارىم تېغىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. «كوھ» سۆزى
پارسچە «تاغ» مەنىسىدە، «مار» بولسا «يىلان» مەنىسىدە،
يەنى كوھمارىم «يىلان تاغ» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.
كوھمارىم تېغىنىڭ ئاستىدىن قاراقاش دەرياسىنىڭ كەڭ
كەتكەن ئېقىنلىرى ئۆتىدۇ. تاغ ئۈستىدىن قارىغاندا، تاغ
باغرىدىكى دەريا ۋە ئورمانلار بىلەن قاپلانغان تۈزلەڭلىكلەر
گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن. تاغ
باغرىدىن تاغ ئۈستىدىكى مازارغا بېرىش ئۈچۈن تەخمىنەن
ئۈچ كىلومېتىر ئەتراپىدا تاشلىق يولنى بېسىشقا توغرا
كېلىدۇ. مازاردىن تۆۋەندىكى كوھمارىم غارىغا بارىدىغان 500
مېتىرچە تاغ يولى بار. تاغ تۆپىسىدىكى مازاردا ياغاچ ۋادەك
ئىچىگە ئېلىنغان ئىككى كىچىك، بىر چوڭ تۇلۇق
شەكلىدىكى قەبرە بولۇپ، قەبرە ئەتراپىدىكى ۋادەكلەرگە
تۇلۇم، بايراق، لاتىلار ئېسىلغان. مازار يېنىدا بىر چوڭ
خانىقا، تونەكخانا ۋە بىر شەيخلەر ئۆيى بار. رىۋايەت
قىلىنىشىچە، بۇ مازار ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ 2 ـ
ئەۋلاد ئىمامى ھەسەننىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن مۇئىپ

خوجىنىڭ قەبرىگاھىمىش. مۇئىپ خوجا خوتەن دىيارىغا ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن ئەرەبىستاندىن كەلگەنىكەن. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ۋەسىيەت قىلىپ، ئۆلگەندىن كېيىن يىلانغا ئايلىنىپ، مازارنى تاۋاپ قىلغۇچىلارغا كۆرۈنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنىمىش. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ تاغ بىلەن مازار «كۇھىمارىم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىمىش.

تاغدىكى شېغىللىق يول بىلەن تۆۋەندىكى غارغا چۈشكەندە، غارغا كىرىش ئېغىزى يېنىدا 10 نەچچە ئېغىز ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆيلەردە مازارنىڭ پائالىيەت ۋاقتىدا تاۋاپچىلار دەم ئالىدۇ، خەتمىقۇرئان قىلىدۇ ۋە تۈنەيدۇ. غارغا كىرىش ئېغىزىغا 10 — 15 مېتىر قالغاندا ياغاچتىن قىلىنغان بىر ئاددىي ئىشىك بار. ئىشىكتىن كىرگەندە بىر يېرىم مېتىرچە كەڭلىكتە قىيا چېپىتىدىن ئېلىنغان تار يول بولۇپ، يولنىڭ قىيا تەرىپى ياغاچ بىلەن قاشالانغان. ئۇنىڭدىن تۆۋەن تەرەپتىكى قاراقاش دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرى ۋە كەڭ كەتكەن بوستانلىقلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. غار ئالدىغا يەتتە ـ سەككىز پەشتاقلىق پەلەمپەي ئورنىتىلغان، غار ئاغزىغا تۇغ ۋە لاتا پۇرۇچلىرى ئېسىۋېتىلگەن. غار ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك تاشلار بولۇپ، چىراغ ئىسىدىن تاملىرى قارىداپ كەتكەن. غار ئىككى قەۋەت قىلىپ قېزىلغان. غار ئاستىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن سەككىز مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 11 مېتىر، ئۈستۈنكى قەۋەتتى تەخمىنەن بىر ـ ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇ يەرگە شوتا بىلەن چىققىلى بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۇھىمارىم غارىدا ئىبادەت قىلغان كىشى ئىمام ھەسەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ غاردا ئىبادەت قىلىپ خۇداغا يەتكەن زات ئىكەن.

بۇ مازار ھەر يىلى 8 ـ 9 ـ ئايلاردا ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ. تۆۋەندىكى سەھۋالىم دەپ ئاتىلىدىغان بوستانلىقتا

بازار، ئويۇن ـ تاماشا قاينايدۇ، مازارنىڭ ئۆزىدە بولسا تاۋاپ پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. غارنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا ئۆي ـ ئىمارەتنىڭ قالدۇق تاملىرى، كۆمۈر پارچىلىرى ۋە گەج سۇۋاق قالدۇقلىرى قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

كۇھمارىم تېغى ئەسلىدە ئۇدۇن بۇددىستلىرىنىڭ مۇقەددەس تاغلىرىدىن بىرى بولۇپ، خەنزۇچە، تۇبۇتچە (قەدىمكى زاڭزۇچە) ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەردە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب ـ شۋەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىمۇ كۇھمارىم تېغى ئالاھىدە قەيت قىلىنغان.

ئالىملارنىڭ يېقىنقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، كۇھمارىم بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ئورنىغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ سۇغا تېۋىنىش ئورنى ئىدى. شۇڭا كۇھمارىم مازىرى ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى بىلەن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ خوتەن ھەمدە شىنجاڭدىكى تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

كۇھمارىم مازىرى پائالىيىتىدە، ئەمەلىيەتتە كۆڭۈل ئېچىش مەقسەت قىلىنغان سەيلە ـ ساياھەت پائالىيىتى بىلەن مازار تاۋاپى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، شۇڭا ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان «كۇھمارىم ـ سەھۋالىم سەيلىسى» نامى بىلەن داڭلىق بولۇپ، خوتەن خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن.

كۇھمارىم مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.



# ئىمام ئاسىم مازىرى

ئىمام ئاسىم مازىرى لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن 9.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بۇ مازارنى «رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىگاھى» دەپ ئاتىشىدۇ. مازار قۇرۇلۇشى خوتەندىكى باشقا مازارلارغا ئوخشاشلا ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، مەقبەرە ئېگىز قۇم بارخىنى ئۈستىدە، قوشاۋ تام ئىچىگە ئېلىنغان. قورشاۋ تامنىڭ ئۈستى يەنە ياغاچتىن ۋادەكلەنگەن. قەبرىگاھنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىغا سان ـ ساناقسىز تۇغ ـ ئەلەملەر قادالغان. مازار ئەتراپى خېلى كەڭ دائىرىدە سىم توساق بىلەن قورشالغان. بۇ مازاردا ھازىر ئىككى قەبرە بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام ئاسىم بىلەن ئىمام ھاشىم ئىسىملىك ئىككى بىر تۇغقان دەپنە قىلىنغانىكەن. ئىمام ئاسىم ھەققىدە تەزكىرىلەردە مۇنداق رىۋايەت

سۆزلىنىدۇ: تارىخ ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆتىنچى نەۋرىسى دەپ ئاتىغان ھەزرىتى ئىمام جەئفىرى سادىق ئىسلام ئېچىش بولىدا ئۇدۇن بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىپتۇ، شۇ زامانلاردا ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ قول ئاستىدا 32 ئىمام، يەتتە سۇلتان، 30 مىڭ لەشكىري ئىسلام بار ئىكەن، ئۇدۇن بۇددىستلىرى توققۇز خاقانغا قاراشلىق 90 مىڭ ئادەم ئىكەن، ئىسلام لەشكەرلىرى شىلان توغراق دەرياسى بويىدا كۆپپارلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، سان جەھەتتە نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەننى يېڭىش ناھايىتى قىيىن بولۇپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەزرىتى ئىمام جەئفىرى سادىق پەرىشان بولۇپ قىبلىگە قاراپ دۇئا قىپتۇ. شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇتەك پەيدا بولۇپ، بىر ياش سەردار نۇرغۇن پالۋانلىرى بىلەن چىقىپ كەپتۇ ۋە ئاتتىن چۈشۈپ ھەزرىتى ئىمام جەئفىرى سادىق پادىشاھنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ ۋە كېلىش سەۋەبىنى ئېيتىپتۇ. ئەسلىدە ئىمام ئاسىم مەدىنە مۇنەۋۋەردە بوۋىسى روسۇلىللانىڭ رەۋزى مۇبارەكلىرىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بوۋىسى ئۇنىڭغا «ئەي پەرزەنت ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، پەرزەنتىم ئىمام جەئفىرى سادىق شەھىرى ماچىن قېشىدا توققۇز خاقان باشلىق 90 مىڭ لەشكىري كۆپپار قولىدا تەڭلىكتە قالدى، بېرىپ ئۇنىڭغا يار- يۆلەكتە بولۇڭ» دەپتۇ. ئىمام ئاسىم ئويغىنىپ دەرھال تەرەت ئېلىپ، نامازبامداتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەردىن ئاللانىڭ كارامىتى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ — ئاچقۇچە ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ لەشكىري ئىسلام خۇشاللىقتا چۆمۈپ، ھەزرىتى ئىمام ئاسىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

ئارقىدىنلا ھەزرىتى ئىمام ئاسىم جەڭگە چۈشۈپتۇ ۋە كۈپپارلارنىڭ سەنزىۋىن (بەزى رىۋايەتلەردە سەلسىبىل، سەنسىبۇل دېيىلىدۇ) قەھرىمان تۈركىي دېگەندەك قەھرىمانلىرىنى جېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ، ئاخىر كۈپپارلاردىن مەيدانغا چۈشىدىغان پالۋان چىقماي، توققۇز خاقان تەڭلا مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ھەزرىتى ئىمام ئاسىم بۇ توققۇز خاقاننىمۇ سۇر — توقاي قىپتۇ. بۇ خاقانلارنىڭ ۋەزىرى بىر شۇملۇقنى ئويلاپ تېپىپ، ھەزرىتى ئىمام ئاسىمنىڭ يولىغا ئورا كولاپ، ئۈستىنى ئوت — خەس بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ. ھەزرىتى ئىمام ئاسىم توققۇز خاقاننى قوغلاپ كېلىۋاتقاندا، دۈلدۈلىنىڭ ئايىغى ئورىغا تىقىلىپ، ئۆزى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە كۈپپارلارنىڭ نەيزىسى سانجىلىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئىمام جەئفىرى سادىق سۇلتانى ئەللاھە خۇراسانى قىلىچ بۇرھانىددىن ئاتا بىلەن نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، ئىمام ئاسىمنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئاپتۇ، ھەزرىتى ئىمام ئاسىم كۆزىنى ئېچىپ:

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، مېنىڭ جەسىتىم مۇشۇ يەردە قالارمۇ؟ مېنىڭ روھىمغا كىممۇ دۇئا قىلار؟ — دەپ يىغلاپتۇ.

ئىمام جەئفىرى سادىق ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇ جاي ئاخىر ئىسلام بولۇر، جەسىتىڭىز خارلىنىپ قالمايدۇ. ئۇممەتلىرىم مېنىڭ بېشىمغا بىر بارغۇچە سىزنىڭ بېشىڭىزغا 10 مەرتە بارغاي. ھەرقانداق دۇئايى تەلەپنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى سىزگە بەردىم. دۇئا قىلماق بىزدىن، ئىجابەت قىلماق سىزدىن بولغاي» دەپتۇ.

ھەزرىتى ئىمام ئاسىم ھىجرىيە 148 - يىلى باھار پەسلىدە شاھادەت تېپىپتۇ. كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭغا قەبرە

قاتۇرۇپ تاۋاپ قىلىشقا باشلاپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇ مازارغا خاجە ئابدۇراخمان باغدادى، خاجە سەئىددىن باغدادى، خاجە ئەختەم باغدادى، خاجە پەھلۇللا باغدادى، خاجە ئەنۋەر باغدادى، خاجە شەمشىددىن باغدادى، خاجە ئەھمەد خۇراسانى، خاجە نېئمەتۇللا خۇراسانى قاتارلىق نۇرغۇن دىن تارقاتقۇچىلار دەپنە قىلىنغانىكەن.

مازارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بىر مەسچىت بار. بۇ مەسچىتنى جامائەت ئىئانە توپلاپ 1938 ـ يىلى سالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر كېلىدۇ، مەسچىتنىڭ يېنىدا خانىقا، دۇئا ـ تىلاۋەتخانا ۋە ئىككى ئېغىزلىق تۈنەكخانىسى بار. مازارنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە بىر قۇدۇق قېزىلغان. بۇ مازار ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى ئۈجمە پىشىشقىدىن ئورما باشلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا، ھەر چارشەنبىدىن جۈمەگىچە بولغان كۈنلەردە ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ. پەيشەنبە كۈنى ئادەم ئەڭ كۆپ يىغىلىدۇ. بۇ يىغىلىش ئىمام ئاسىم سەيلىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مازار سەيلىسى مەزگىلىدە، ھەر پەيشەنبە كۈنى خوتەننىڭ پۈتۈن ناھىيىلىرىدىن نەچچە ئون مىڭ كىشى بۇ يەردىكى مازار سەيلىسىگە كېلىشىدۇ. خوتەندىن باشقا، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلار، ھەتتا شىمالىي شىنجاڭدىنمۇ كىشىلەر كېلىپ توپلىشىدۇ. مازار سەيلىسى قۇم تاغنىڭ تۆۋىنىدىكى بوستانلىقتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. مازار سەيلىسى ئەمەلىيەتتە چوڭ تىپتىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ، مەدداھلار خەلق داستانلىرىنى ئېيتىشىدۇ، نەغمىچىلەر نەغمە ـ ناۋالىرىنى ياڭرىتىدۇ، ناھىيە، يۇرتلارنى بىرلىك قىلىپ چېلىشىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ، توخۇ، قوچقارلار سوقۇشتۇرۇلىدۇ، ئوقەتچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرغان

ئاۋازلىرى ئەتراپىنى بىر ئالىدۇ، تاماقلارنىڭ مەززىلىك
پۇراقلىرى دىماغنى يارىدۇ.

مازار جايلاشقان ئورۇن بىلەن سەيلىگاھنىڭ ئارىلىقى بىر كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قۇم تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ يەردە مەخسۇس تاۋاپ پائالىيەتلىرى بولىدۇ. ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار مازارغا دۇئا قىلىدۇ، دەردمەنلەر مازارغا ئۆز قايغۇلىرى، دەردلىرىنى تۆكۈپ يىغلىشىدۇ. مازارنىڭ يېنىدا بىر تۈپ ناھايىتى باراقسان يۇلغۇن بولۇپ، ئۇنىڭ شاخلىرى ئايال تاۋاپچىلار تىلەك تىلەپ چىگكەن ھەر خىل رەڭلىك لاتا - پۇرۇچلار بىلەن پۈركەنگەن. مازارغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر تۈپ قەدىمي توغراق بار بولۇپ، ئاياللار ئالّادىن قىز پەرزەنت تەلەپ قىلسا يىڭنە، ئوغۇل پەرزەنت تەلەپ قىلسا پىچاق سانجىپ قويۇپ ئۆز تەلىپىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ توغراقنىڭ يۇقىرىسىدىكى قۇملۇقتا بالا تەلەپ قىلىدىغان ئاياللار يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئۈچ قېتىم دومىلايدۇ. قېيىنانىلىرى كېلىنلىرىنى، ئاپىلىرى ياتلىق بولۇپ تۇغمىغان قىزلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دومىلىتىدۇ. ئامازشام مەزگىلىدە مازار يېنىدىكى مەسچىت ئالدىدا سوپىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەر - ئاياللارنىڭ چوڭ تىپتىكى ھەلقە پائالىيەتلىرى بولىدۇ. بۇ پائالىيەت كۆپىنچە تۈن نىسپىگىچە داۋاملىشىدۇ.

دېمەك، ئىمام ئاسىمغا تاۋاپ قىلىش پائالىيىتىدە سەيلە بىلەن تاۋاپ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، سەيلە مەزمۇنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا ئاكتىپ رول ئويناپ كەلگەن. جىيا يېزىسى مۇشۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەچكە، ئۆز يېزىسىنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ خەلقنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، سەيلە پائالىيىتىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن

ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن ھازىر سەيلە مەيدانىغا قەدەر تاشيول ياسىدى، مازار جايلاشقان قۇم تاغنىڭ ئۈستىگە سۇ مۇنارى ئورناتتى.

ئىمام ئاسىم مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.





# ئۆجمە مازىرى

ئۆجمە مازىرى لوپ ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن 48 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سامپۇل يېزىسى ئاچچىق باشقۇرۇش رايونىنىڭ چەت جىلغىسى ئىچىدە. ئاچچىق باشقۇرۇش رايونىغا باردىغان مەخسۇس تاشيول يوق، قاتناش ناھايىتى قولايسىز. بۇ رايون ئىككى تاغ ئارىسىدىكى ئۇزۇن جىلغا ئىچىگە ئورۇنلاشقان. يەرلىرى ئاساسەن تاشلىق. جىلغا ئىچىدە سۈيى ئۇلۇغ بولمىغان بىر ئېقىن بار. ئاچچىق باشقۇرۇش رايونىنىڭ مەركىزىدىن جىلغا ئىچىگە 30 كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىلگىرىلىسەك، ئۆجمە مازارغا يېتىپ بارىمىز. مازار ئۇزۇن كەتكەن جىلغىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى مازارتاغ قاپتىلىغا جايلاشقان، جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا قەدىمكى ئۆجمە، تېرەك ۋە سۆگەتلەر بىر ــ بىرىگە گىرەلىشىپ بۈك ــ باراقسان ئۆسكەن. جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سۇ ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ، مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل ۋە ھاۋالىق. مازار جايلاشقان تاغ قاپتىلىدا قويۇق ئۆسكەن يۇلغۇن، چاتقاللار بار. جىلغا ئىچىدە يەنە مازار تاۋاپى مەزگىلىدە پائالىيەت قىلىدىغان كەڭرى مەيدان ۋە سودا ــ سېتىق قىلىدىغان دۇكانلار بار. سول تەرەپتىكى ئېگىزلىكتە مازارغا قاراشلىق مەسچىت بار بولۇپ، بۇ مەسچىت 1942 ــ يىلى بىر قېتىم رېمونت

قىلىنغان، 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قايتا يېڭىلانغان.
مەقبەرە ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىدە. ئۇ يەرگە تۇغ ـ ئەلەملەر، تۇلۇملار ئېسىۋېتىلگەن. مەقبەرە ئەتراپى قىزىل، كۆك سىرلانغان ياغاچ بىلەن چىرايلىق شەكىل چىقىرىپ ۋادەكلەنگەن. ۋادىكىنىڭ سىرتىدا جۈپ ـ جۈپ قىلىپ تىزىپ قويۇلغان نۇرغۇن تاش بار. ھەربىر جۈپ تاشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، تاشلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئازراق تۇتۇرۇق سېلىپ قويۇلغان. بۇ تاشلار ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ياساپ قويغان ئوچاقلىرى. مۇشۇ خىلدىكى ئادەتنى بەكەن، يېڭىسار تەۋەسىدىكى مازارلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

مازار شەيخىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مازاردا ياتقان كىشىنىڭ ئىسمى زىكىرىيا پەيغەمبەر بولۇپ، كۇپپارلار قوغلاپ كەلگەندە، ئۇ قېچىپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھلىنىشنى ئۆتۈنگەندە، ئۈجمە ۋاق قىلىپ يېرىلىپ ئۇنى ئىچىگە ئېلىۋاپتۇ. دۈشمەنلەر ئۇنى تاپالماي قايتىشقا مەجبۇر بولغاندا شەيتان پەيدا بولۇپ، ئۇنى تۇتۇۋالساڭلار قانداق قىلىسىلەر، دەپ سورىغاندا، دۈشمەنلەر ئۇنى تۇتۇۋالساق بېشىنى ئالىمىز، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شەيتان ئۇلارغا زىكىرىيا پەيغەمبەرنىڭ دەرەخنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، دەرەخنى كېسىۋەتسە ئۇنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر دەرەخنى كېسىپ تاشلاپتۇ. زىكىرىيا پەيغەمبەر بولسا شېھىت بوپتۇ. زىكىرىيا پەيغەمبەرنى قويۇنىغا ئالغان دەرەخ ئۈجمە دەرىخى بولغاچقا، بۇ مازار ئۈجمە مازار دەپ ئاتىلىپتۇ. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تاغنىڭ باغرىدا بۇ زاتنىڭ ئايالىنىڭ قەبرىسى بار. ئاياللار بالا تەلەپ قىلسا ئىككىلا مازاردىن تەڭ

تىلەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ مازىرىدىن بالا تەلەپ قىلىدىغانلار كۆپرەك. بۇ مازارنى مەريەم ئانا مازىرىمۇ دەيدۇ.

ئۇجمە مازار ھەر يىلى 7 – 8 – ئايلاردا، يەنى خامان تېپىلىدىغان چاغدا قىزىيدۇ. پەيشەنبە كۈنى ئادەم كۆپ كېلىدۇ. بۇ يەرگە خوتەن، قاراقاش، لوپ، گۇما، چىرا، ھەتتا يەكەن قاتارلىق جايلاردىنمۇ كېلىدىغان كىشىلەر كۆپ. كىشىلەر بۇ جايدىكى مازاردىن بېنىپ، ئاندىن چىرا، نىيىدىكى مازارلارغا بارىدۇ. زىكرىيا پەيغەمبەرنىڭ مازىرىنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر جىلغىدىكى تاغ ئۈستىدە، ئۇنىڭ ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ مازىرى بار. كىشىلەر دادىسىنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، بالىسىنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ.

مازار شەيخىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ مازاردا ياتقان زىكرىيا ئەلەيھىسسالام ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئىكەن، كىشىلەر بۇ مازارنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مازىرى دەپ بەك چوڭ بىلىدۇ. بۇ مازار 50 – يىللاردىن بۇرۇن بەك قىزىيدىكەنتۇق. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىمۇ يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، بۇ يەرگە كەلگەنلەر بىر قونۇپ كېتىدۇ، يەنى پەيشەنبە كېلىپ جۈمە قايتىشىدۇ. بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىدىغانلار، بىرىنچىدىن، ئىمان تىلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ساقايماس كېسەللەرگە ساقلىق تىلەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، تۇغماس ئاياللار پەرزەنت تىلەيدۇ؛ تۆتىنچىدىن، غايىب رىزىق تىلەيدۇ. مەسىلەن، مازارنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ دەرياغا كىرسە، قاش تېشى تېپىۋالالايدۇ دەپ قارايدۇ؛ بەشىنچىدىن، ياۋاشراق كىشى بىلەن يامانراق بىرى سوقۇشۇپ قېلىپ، سورايدىغانلار توغرا سورىمىسا، خۇدانىڭ سوراپ بېرىشىنى تىلەپ كېلىشىدۇ.



مازار پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈش

# سىياۋۇش مازىرى

سىياۋۇش مازىرى سىياۋۇش ۋەلىيۇللا مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مازار خوتەننىڭ لوپ ناھىيە بەشتوغراق يېزىسىغا جايلاشقان.

سىياۋۇش مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 — 4 - ئەسىرلەرگە تەۋە ئىران شاھى كەيكاۋۇسنىڭ شاھزادىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان داڭلىق قەھرىمان شەخس.

چاغاتاي يېزىقىدىكى «شاھنامە تۈركى»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىران شاھى كەيكاۋۇسنىڭ 101 نەپەر كېنىزىكى بولۇپ، شەھۋانىي ئەيش - ئىشرەتكە تولىمۇ ئامراق ئىكەن. چوڭ خانىشى سۇدابە ناھايىتى ھېيلىگەر بولۇپ، ياش ھەم چىرايلىق شاھزادە سىياۋۇشقا كۆزى چۈشكەن، ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ئىشرەتتە بولۇشنى تەلەپ

قىلغان. شاھزادە سىياۋۇش ئۆز دادىسىغا سەممىي ــ سادىق بولغاچقا، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. ئۆز قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرىگەن سۇدابە ھىيلە ــ مىكىر ئىشلىتىپ، گۇۋاھ ئىسپات ياساپ، شاھ ئالدىدا شاھزادە سىياۋۇشقا تۆھمەت چاپلاپ قارىلىغان. شاھزادە سىياۋۇش ئۆزىنىڭ دادىسىغا سەممىي ــ سادىق ئىكەنلىكىنى، سۇدابە دېگەندەك ناشايان ئىشلارنى ئەسلا قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، شەھۋەتپەرەس كەيكاۋۇس ئىلاجسىز ئەھۋالدا، شاھزادە سىياۋۇشنى تۇرانىيلارغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە لەشكىرى قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن.

ئەينى چاغدىكى تۇرانىيلار شاھى ئەپراسىياپنىڭ ئىرانىيلارغا ئەۋەتكەن نامە ــ خەت تەكلىپىگە ئاساسەن، ئالدىنقى سەپتە ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزۈپ ئۇرۇش توختىتىپ، كېلىشىم بويىچە تىنچلىق ئورناتقان ئەھۋالدا، ئۇرۇشپەرەس كەيكاۋۇس ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى بىكار قىلىپ، شاھزادە سىياۋۇش باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى سەپ سەركەردىلىرىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپلا قالماستىن، بەلكى تۇرانىيلار پايتەختى «كىنىك دەز»نى تىرىپىرەن قىلىپ، تۇران شاھى ئەپراسىياپنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىش ھەققىدە سىياۋۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. قىيىن ئەھۋالدا قالغان سىياۋۇش ئىلاجسىز بىر بۆلەك سەركەردىلىرى بىلەن رۇمغا كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىققان. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئەپراسىياپ سىياۋۇشنى تۇرانىيلار ئېلىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ۋە ئۆز قىزى پىرنگىش بانۇنى سىياۋۇشقا ياتلىق قىلغان ھەمدە بىر يىل ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇنى خوتەنگە پادىشاھ قىلغان. سىياۋۇش خوتەنگە پادىشاھ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئادىل ــ ئادالەت،

خەلقپەرۋەرلىكى بىلەن خوتەن خەلقىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، خوتەندە ئاۋات ـ مەمۇرچىلىق مەيدانغا كەلگەن.

خوتەننىڭ ئاۋاتلىشىپ بارغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان تۇران ئوردا ئەھلى، شاھ ئەپراسىياپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تۇران سەركەردىلىرىدىن — كىرشىۋزشۇم، بارمان ھۇم، ھامان، ئەندىرمان، كىرروي زىرە، كىرروي كىرزىم، پەرھاد قاتارلىق يەتتە نەپەر سەركەردە باشچىلىقىدا بىر بۆلەك تۇران ئەھلى سىياۋۇشنى يوقلاپ خوتەنگە كەلگەن. پادىشاھ سىياۋۇش خوتەن خەلقى بىلەن ئۇلارنى قىزغىن كۇتۇۋالغان. خوتەننىڭ باي ـ باياشاتلىقىغا ھەسەت قىلغان كىرشىۋزشۇم قاتارلىقلار قەستەن قۇسۇر تېپىپ، ئوردىغا قايتىپ بېرىپ ئەپراسىياپقا سىياۋۇش پۈتۈن تۇرانىيلار ئېلىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ دەپ چاققان. بۇنىڭ بىلەن سىياۋۇش خوتەندە ناھەق قەتلە قىلىنغان.

سىياۋۇشنىڭ نىكاھىدا بولغان پىرىنكىش بانۇدىن تۇغۇلغان بالا — خىسروي، ئىرانىيلار تەرىپىدىن بىر ئاماللار بىلەن ئىرانغا ئېلىپ كېتىلىپ، كېيىنكى چاغدا ئىران شاھزادىسى بولۇپ، پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان. بۇ چاغدا تۇرانىيلارنىڭ خېلى كۆپ زېمىنى، ھەتتا خوتەنمۇ ئىرانىيلار قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. شاھزادە خىسروي خوتەن زېمىنىغا كېلىپ، دادىسى سىياۋۇش قەتلە قىلىنغان جاينى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، دادىسى ئۈچۈن مازار تىكلىگەن.

سىياۋۇشنىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇشتىكى ئادىل، خەلقپەرۋەرلىكى ۋە قەھرىمانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولۇپ، خوتەن خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەلگەن. تا بۈگۈنكى

كۆنگىچە ئۇنىڭ مازىرى خەلق تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنىپ كەلمەكتە.

خوتەندە ئىران شاھزادىسى سىياۋۇشنىڭ مازىرىنىڭ بولۇشى ئۇيغۇر مازار تەتقىقاتىدىكى ئالاھىدە ھادىسە بولۇپ، سىياۋۇش مازىرى ۋە بۇ توغرىدىكى رىۋايەتلەر بىزنى تارىختىكى ئۇيغۇر ـ پارس مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.





# باغداد مازىرى

باغداد مازىرى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دول يېزىسى دول سېرىق كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. باغداد مازىرى قەبرىستانلىق ۋە مەسچىتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن، باغدادلىق سەئىددىن دېگەن كىشى ئىسلام دىنىنى تارقىتىش مەقسىتى بىلەن كېلىپ، شېھىت بولغاندىن كېيىن مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغانىكەن.

مەقبەرە ئورنى 0.33 مو بولۇپ، ئەتراپى تام بىلەن توسۇلغان. مازار ئەتراپى ناھايىتى كەڭ زەرەتگاھلىق بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 360 مو كېلىدۇ. بۇ زەرەتگاھلىقتا يەنە ئىسلامدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تەۋە قەبرىلەرمۇ نۇرغۇن. مازارنىڭ جەنۇبىدا كۆلىمى 1.6 مو كېلىدىغان مەسچىت بار. مەسچىتنىڭ ئالدى ــ ئارقا ئىككى ئىشىكى بار، ئىشىككە يانداش 12 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنارى ۋە پەشتاقلىرى بار بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 334 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ مەسچىت 1939 ــ يىلى قايتا كېڭەيتىلگەن، بىر قېتىمدا 600 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «تىلاۋەتخانا» ۋە ئۈچ ئېغىز ياتىقىمۇ بار.

باغداد مازىرى 1957 ــ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.



# بۇيا مازىرى

بۇيا مازىرى لوپ ناھىيە بۇيا يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن 500 مېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، مازارغا تەۋە يەر كۆلىمى 80 مو ئەتراپىدا. مازار قەبرىستانلىق، مەسچىت، زىكىرخانا (قىرائەتخانا) دىن تەركىب تاپقان. بۇيا مازىرى توغرىسىدا ئىككى خىل رىۋايەت بار. ئۇنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، بۇيا مازىرىدا بۇيا كۆپ ئۆسىدىغان بولغاچقا، بۇيا مازىرى دەپ ئاتالغانىكەن. ئىككىنچىسىدە ئېيتىلىشىچە، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 900 يىل بۇرۇن ئەرەب ئەللىرىدىن ئىسلام ئاچقۇچى ئىمام مۇھەممەد نەقى بىلەن ئىمام مۇھەممەد تەقى ئاتا ـ بالا مۇشۇ جايدا شېھىت بولۇپ، جەسىتى بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغانىكەن. 100 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قەشقەرلىق يۈسۈپ قادىرخان غازى بۇ يەرگە كېلىپ ئىككى ئىمامنىڭ قەبرىسىنى تېپىش مەقسىتىدە بۇي كېپەك

سالغاچقا، «بوۋي مازار» دەپ نام ئالغانىكەن.

مازار مەسچىت ۋە قەبرىگاھتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. چوڭ دەرۋازىلىق قورۇ ئارقىلىق مەسچىتكە كىرگىلى بولىدۇ، مەسچىتنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ، مەسچىتنىڭ ئالدىدا بىر كۆل بار. يەرلىكلەر بۇ كۆلنىڭ سۈيىنى كۆز، قۇلاق، ئېغىز ئاغرىقلىرىغا داۋا دەپ قارايدىكەن. مەسچىت ھويلىسىنىڭ سول تەرىپىدە يەنە بىر ئىشىك بار، بۇ ئىشىكتىن قەبرىگاھ جايلاشقان قورۇغا كىرگىلى بولىدۇ. ئىمام مۇھەممەد نەقى بىلەن ئىمام مۇھەممەد تەقى قەبرىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، ئۈستى يېپىق تۈز تورۇسلۇق ئىككى ئۆي ئىچىگە قويۇلغان.

بۇيا مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ياسالغان بولۇپ، بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان. ھازىرمۇ بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.





ئۇيغۇر مازارلىرىدىن كۆرۈنۈش

# قۇم رابات پادىشاھىم مازىرى

قۇم رابات پادىشاھىم (قۇمات پاششىم ياكى كەپتەر مازار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مازىرى قارىقاش ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقتا جايلاشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇن بۇ يەردە نۇرغۇن كۆك كەپتەر (ياۋا كەپتەر) بار بولۇپ، دائىم كىشىلەرگە يول باشلايدىكەن، كەپتەرلەر مازاردىن ئۇچقانچە يولۇچىلارنى 10 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى زاۋا بوستانلىقىغا ئېلىپ كېلىدىكەن. كىشىلەر ئەينى زاماندا بۇ كەپتەرلەرنى خاسىيەتلىك كەپتەرلەر دەپ قاراپ كەلگەنىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى قاراخانىيلار قوشۇنلىرى بۇددىست ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇنغا قاراپ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىگەنىكەن. ئۇدۇن قوشۇنلىرى قۇم رابات پادىشاھىمدا پىستىرما قۇرۇپ لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شاكىر باشلامچىلىقىدىكى قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرى تەييارلىقسىز جەڭگە كىرىپ پىستىرمىغا ئۇچراپ قاپتۇ ـ دە، مەغلۇپ بوپتۇ. پۈتۈن قوشۇن ھالاك بوپتۇ. شاكىر ئۇياق ـ بۇياققا دوقۇرۇپ، ھېچقانداق قىلىپ جېنىنى ئېلىپ قاچالماي، ئاخىر يارىلىنىپ ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈپتۇ

ۋە ئۇدۇن قوشۇنلىرىغا ئەسىر بولۇشنى خالىماي ئۆز قورسىقىغا قىلىچ تىقىپ ئۆلۈپ، قاراخانىيلارغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى نامايان قىپتۇ. قىلىچنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قارنىدىن بىر چىشى، بىر ئەركەك كەپتەر ئۇچۇپ چىقىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەپتەرلەر كۆپىيىپ شاكىر شېھىت بولغان جاينى كېچە ــ كۈندۈز ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەنىكەن. مىلادىيە 1006 ــ يىلى قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام قوشۇنلىرى ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇدۇن دۆلىتىنى ئۇزۇل ــ كېسىل مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، شاكىرنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزۈپ، شاكىر ۋە سېھىرلىك كەپتەر ئۈچۈن قۇم رابات پادىشاھىم دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مازارنى بىنا قىپتۇ ھەمدە شۇ جايغا بىر قۇدۇق كولاپ قويۇپتۇ. كېيىن يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىش ۋە سېھىرلىك كەپتەرلەرگە دان ۋە سۇ بېرىپ ئۆتۈش ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قۇم رابات پادىشاھىم مازىرىدىكى خاسىيەتلىك كەپتەرلەر كۈندىن ــ كۈنگە كۆپىيىپ، نەچچە يۈز يىلغىچە ئاۋۇغانىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، قۇم رابات پادىشاھىم گۇمىنىڭ قەدىمكى پادىشاھى ئىكەن، بۇ جاي بولسا ئىلگىرى پېيى يوق قىپقىزىل كەپتەرنىڭ ماكانى ئىكەن. ئەگەر يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكۈچە كەپتەرلەرگە دان چېچىپ ئۆتمىسە، كەپتەرلەر قوغلاپ يۈرۈپ چوقۇلايدىكەن. شۇڭا يولۇچىلار بۇ جايدىن ئۆتكۈچە بىر تەرەپتىن بۇ جاينى ئۇلۇغلاپ دۇئا ــ تىلاۋەت قىلىدىكەن، يەنە بىر تەرەپتىن كەپتەرلەرگە دان چېچىپ ئۆتىدىكەن. كەپتەر مازىرى يېقىنقى يىللاردا بۇ جايغا «شەرق شاملى» سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى تۇپەيلىدىن سۇ ئاستىدا قالغان.



# ئىمامى ئەپتەھ مازىرى

ئىمامى ئەپتەھ مازىرى قاراقاش ناھىيە سايباغ يېزا كارۇك كەنتىگە جايلاشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادىيە 1026 ـ يىلى ئىمامى ئەپتەھ، ئىمامى ئەھمەد، ئىمامى زەينۇل ئابىدىن، ئىمامى مۇھەممەد، ئىمامى ئېلى ئەكبەر، ئىمامى ئېلى ئەنۋەر، ئىمامى ئېلى ئەسقەر قاتارلىق يەتتە ئاكا ـ ئۇكا ئىماملار قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارنى بەيئەت قىلدۇرغاندىن كېيىن خوتەننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بۇ جايغا كەلگەنىكەن. ئۇدۇن (خوتەن) بۇددىستلىرىنىڭ ئاكا ـ ئۇكا چوقتى رەشىد، نوقتى رەشىد ئىسىملىك باشلىقلىرى ئۇلارغا قارشى جاھىللىق ھەم جان پىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ جەڭ قىلغانىكەن. ئۇ ئون نەچچە قېتىملىق جەڭدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتتە ئىمام ۋە ئۇلارنىڭ يەتتە قىزى شېھىت بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ جەسىتى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ، ئىمامى ئەپتەھ مازىرى بارلىققا كەلگەنىكەن.

ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 400 يىل بۇرۇن بۇ يەتتە ئىمامنىڭ مەقبەرىسى پىششىق خىشلىق ئۆي ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئۆينىڭ كۆلىمى 820 كۋادرات مېتىر ئىدى. ھازىر قورشاۋ تام ئىچىدە يەتتە دانە تولۇق چىقىرىلغان قەبرە بار بولۇپ، ھەربىر قەبرىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن تۇغ ــ ئەلەم ۋە تۇلۇملار ئېسىۋېتىلگەن. مازاردا بىر جامە، تەرەت ئېلىش ئۆيى، قەبرىگاھ، قورۇ ــ ھويلا قاتارلىقلار بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ 370 كۋادرات مېتىر (20 مو) كېلىدۇ. قاراقاش ناھىيىسى زاۋا، ئاقساراي قاتارلىق يېزىلاردىكى كىشىلەر قازا قىلىشا، كۆپىنچە بۇ مازارغا دەپنە قىلىنىدۇ. ئىمام ئەپتەھ مازىرىنىڭ 200 مېتىرچە غەربىدە يەتتە قىز ئاغىچا خانىلىرىمىز مازىرى بار بولۇپ، مازار ئورنىغا نۇرغۇن تۇغ ــ ئەلەملەر قادالغان. مەقبەرە ئەتراپىغا خېلى دائىرىگىچە چوڭ ــ كىچىك تاشلار تىزىپ قويۇلغان.

مازاردىكى جامەنىڭ ئىچكىرى ۋە تاشقىرى نامازخانىسى بار. بۇ جامەگە جۈمە ۋە ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن نەچچە مىڭ ئادەم يىغىلىدۇ.

ئىمامى ئەپتەھ مازىرى قاراقاش ناھىيىسى تەۋەسىدىلا خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى قاغىلىق، قەشقەر، چىرا، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدىمۇ مەلۇم تەسىرگە ئىگە، شۇڭا بۇ يەرگە شۇ جايلاردىن مەخسۇس ئىمامى ئەپتەھنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا ــ تىلاۋەت قىلىش ۋە مازارنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغانلار بار. مازار يېنىدىكى تاشلىق سايدا ھەر ھەپتە جۈمە بازىرى بولىدۇ. ئىمامى ئەپتەھ مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق» قىلىپ بېكىتىلگەن.



# يالغۇز ئوغۇل مازىرى

يالغۇز ئوغۇل مازىرى خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئۈرچى يېزىسىدا. خوتەن شەھىرىدىن قاراقاشقا 22 كىلومېتىر، قاراقاشتىن مازارغا تەخمىنەن 16 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈرچى يېزىسىنىڭ توپىلىق يېزا يولى بىلەن يۇقىرىغا قاراپ ماڭغاندا تۆت كوچا بار. يالغۇز ئوغۇل مازىرى تۆت كوچىدىن سول تەرەپكە قايرىلىپ 200 — 300 مېتىر ماڭغاندا يولنىڭ سول تەرىپىدىكى دەرەخ بىلەن قاپلانغان زاراتگاھلىق ئىچىدە. ئەتراپى سوقما تام بىلەن قورشالغا تام ئىچىدە مەقبەرە يوق بولۇپ، قەبرە ئورنىغا شەددىلەر قادالغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئـ ئىمامىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، جەڭگە قاتنىش

يەرگە چۈشۈپ غايىب بوپتىكەن. شۇڭا، بۇ كىشىگە مۇقىم قەبرە قاتۇرۇلمىغانىكەن. مازارنىڭ ئەتراپى قۇمۇشلار بىلەن قاپلانغان، قۇمۇشلارغا ھەر خىل لاتا ـ پۇرۇچلار ئېسىپ قويۇلغان. مازارلىققا كىرىدىغان يولدىن يەنە يۇقىرىسىغا 50 مېتىرچە مېڭىپ ئۆلۈك تەرەپكە قايرىلىدىغان يەردە قويۇق توغراقلىق بار. بۇ يەردە بالا تەلەپ قىلىدىغان ئاياللار مەخسۇس يىڭنە، پىچاق سانجىپ قويىدىغان ئىككى قېرى توغراق بار. مازارنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاياللار ئوغۇل تەلەپ قىلسا پىچاق، قىز تەلەپ قىلسا يىڭنە سانجىپ قويىدۇ. بۇ ئۇزۇن يىللىق توغراقلار بولۇپ، نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدۇ. ئىككى توغراقنىڭ ئارىلىقى 10 مېتىرچە كېلىدۇ. بىرقانچە يىل بۇرۇن بۇ توغراقلارغا ئوت كەتكەن، شۇ چاغدىكى ئوتنىڭ ئىزلىرى ھازىرمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ. تۆت كوچىنىڭ ئۆلۈك تەرىپىدىكى يول بىلەن ئازراق ماڭسا، يولنىڭ سول تەرىپىدە بىر مەسچىت ۋە خەتمىقۇرئان ۋە ھەلقە قىلغاندا ئىشلىتىدىغان بىرقانچە ئېغىز ئۆي بار. شەيخنىڭ ئېيتىشىچە، تېخى بىرقانچە يىل بۇرۇنلا 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە نۇرغۇن ئادەم بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇراتتىكەن، رامزاننىڭ 17، 27 لىرى كېلىپ تۈنەپ كېتىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن، بولۇپمۇ ئاياللار كۆپ كېلىدىكەن. بۇ ئەتراپتا يەنە خوجا پاقلانخان مازار خوجام دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بار. يالغۇز ئوغۇل مازىرى بىلەن ئارىلىقى 17 ـ 18 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ يەردىمۇ مۇشۇ يەردىكىگە ئوخشاش چوڭ توغراقلار بار بولۇپ، يالغۇز ئوغۇل مازىرىدىنمۇ ھەيۋەتلىك. بۇ ئەتراپتا يەنە قىلىچخان دەپ يەنە بىر مازار بار، بۇ مازارغا ئادەملەر بەك كۆپ يىغىلمايدۇ.



# ئىمامى ئەسكەر مازىرى

ئىمامى ئەسكەر مازىرى قاراقاش ناھىيە تۇۋەت يېزىسىنىڭ ئايىغىدا، قاراقاش ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا. مازار يېزا تاشيولىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان. مازار قۇرۇلۇشى قۇملۇق ئۈستىگە سېلىنغان، ئەتراپى ياغاچ، بۇلغۇنلار بىلەن قاشالانغان. قاشانىڭ ئىچى تەرىپىگە يەنە تام چۆرۈلگەن. مازار ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى دەرەخ ۋە خادىلارغا قوي، توخۇنىڭ تۇلۇمى ۋە قۇشنىڭ باشلىرى سانجىپ قويۇلغان. بولۇپمۇ توخۇ ۋە قۇشلارنىڭ بېشىنى ياغاچقا سانجىپ ئېسىپ قويۇش مۇشۇ مازاردا ئەڭ گەۋدىلىك. بۇ خىل تۇلۇم قىلىنغان قوي، توخۇلارنى، قۇش باشلىرىنى مازارلاردا ئېگىز خادىلارغا، دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ بۈگۈنكى خەلق تۇرمۇشىدىكى قالدۇقىدۇر. شامان دىنى ئېتىقادىدا، خادا، دەرەخ، تاغ

دېگەنگە ئوخشاش ئېگىز نەرسىلەر كۆك تەڭرىگە ئەڭ يېقىن نەرسىلەر دەپ قارالغان. شۇڭا تەڭرىگە ئاتاپ قىلىنغان قۇربانلىقلىرىنى ئېگىز خادىلار، دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇشقان. بۇ خىلدىكى ئېتىقاد ئادىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە»دىمۇ كۆرەلەيمىز. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ غەلىبىسى شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ مۇراسىمدا مەيدانغا ئېگىز خادىدىن ئىككىنى تىكلەپ، بىرىنىڭ ئۇستىگە ئالتۇن توخۇ، ئاستىغا ئاق قوي؛ يەنە بىرىنىڭ ئۇستىگە كۈمۈش توخۇ، ئاستىغا قارا قوي باغلىغانلىقى قەيت قىلىنغان. شامان دىنىغا خاس بولغان بۇ خىل ئادەتلەر يەنە بۇرۇن شۇ خىل ئېتىقادتا بولغان سېرىق ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىمۇ ساقلانماقتا.

مازار ئەتراپى خېلى كەڭ دائىرىدە يۇلغۇن، توغراقلار بىلەن قويۇق قاپلانغان بولۇپ، كۆرۈنۈشى سۇرلۇك ۋە ھەيۋەتلىك. بۇ مازارغا سەيشەنبە كۈنى ئادەم كۆپ كېلىدۇ. ئىمامى ئەسكەر مازىرىغا بارىدىغان يېزا يولىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە توغ ــ شەددىلەر قادالغان بىر جاي بولۇپ، بۇنى قازان توغراق پاششىم دەپ ئاتايدۇ. بۇ جاي ئىمامى ئەسكەر قازان ئاسقان جاي دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.





# ئىمام جەئفىرى تېھران مازىرى

ئىمام جەئفىرى تېھران (ئىمام جەئفىرى تەيران دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مازىرى چىرا ناھىيە بازىرىغا 4.5 كىلومېتىر كېلىدىغان چىرا يېزا مازار كۆل كەنتى مازار ئالدى مەھەللىسىگە جايلاشقان. مازار ئەتراپى تېرىلغۇ يەر ۋە يەرلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ، قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى 397 مودىن ئارتۇقراق. يېزا بولىنىڭ چېكى مازار مەسچىتىنىڭ ئالدىدا توختايدۇ. مازار مەسچىتىنىڭ كۆلىمى چوڭ. مەسچىتنىڭ 50 مېتىرچە شىمالىدا مازارغا كىرىدىغان ئىشىك بار. ئىشىكتىن چوڭ قورۇغا كىرگەندىن كېيىن، بىرەر يۈز مېتىر نېرىدا چوڭ خانىقا بار. خانىقا بىلەن مەقبەرە جايلاشقان ئۆي بىر تۇتاش كەتكەن. مازار ئۆگزىسىگە ئىمام جەئفىرى تېھران ئۆز ۋاقتىدا

ئىشلەتكەن دەپ قارالغان نەيزىلەر سانجىپ قويۇلغان. خانىقانىڭ ئىچى خېلى چوڭ بولۇپ، خانىقا ئىچىدىكى ئىشىكتىن كىرسە، ئىچىدە يەنە بىرقانچە ئېغىز ئېتىكاپخانا بار. ئۇ يەردىن ئۆتسە، 10 نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تارراق ئوچۇقچىلىقتا چىقىدۇ. ئۇ يەردە مەقبەرە بار ئۆيگە كىرىدىغان يەتتە — سەككىز باسقۇچلۇق پەلەمپەيلىك ئىشىك بار. مەقبەرە بار ئۆي تەخمىنەن 20 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، مەقبەرە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلغان. بۇ تۆلۈق شەكلىدىكى ناھايىتى چوڭ قەبرە بولۇپ، ئۈستىگە قات — قات رەختلەر يېپىلغان. ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا نۇرغۇن ئەلەملەر قاداپ قويۇلغان، كۆرۈنۈشى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە سۇرلۇك. بۇ مازارغا ھەر يىلى 8 — ئاينىڭ 15 — كۈنىدىن كېيىن تاۋاپقا كېلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مازار ئەتراپى قايناق بازارغا ئايلىنىدۇ. ئىمام جەئفەرى تېھران مازىرىدا 1986 — يىلى يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە مازار خانىقاسىنىڭ بىر قىسمى كۆيگەن.

بۇ مازار تارىخى ئۇزۇن، كۆلىمى چوڭ، بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي يادىكارلىق بولۇپ، «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام جەئفەرى تېھران مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر نەۋرە ئاكا — ئۇكا بولۇپ، ھىجرىيە 8 — يىلى شام (ھازىرقى سۇرىيە)دىكى ئۇرۇشتا قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى مۇشۇ جايغا ئۇچۇپ كەلگەنمىش، بىراق ئۇنىڭ جىسمىنى كۆرگىلى بولماسمىش. پەقەت قەبرىسىنى كۆرگىلى بولارمىش. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي ئىمام جەئفەرى تېھران مازىرى دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

ئىمام جەئفەرى تېھران مازىرى ھېيتگاھ مەسچىتى

(جامە مەسچىتى)، مەقبەرە ۋە كۆل قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ مازاردا مۇسۇلمانلار ئادەتتىكى نامازدىن باشقا، ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدۇ، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ناھىيىگە قاراشلىق ھەرقايسى يېزىلاردىن باشقا يەنە ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىنمۇ نەچچە ئون مىڭ كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ھېيت نامىزىغا قاتنىشىدۇ.

مازارنىڭ شەيخى مەمەت زۇنۇن قارىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇرۇن مازارنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئېگىزلىكى 25 مېتىر كېلىدىغان، نەقىشلىك، ھەيۋەتلىك ئۈچ دەرۋازا بار ئىكەن. مازارنىڭ مەركىزىدە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۈچ قەۋەتلىك 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئەزان ئېيتىدىغان مۇنار، مازارنىڭ شەرقىدە 250 نەپەر تالىپ يېتىپ ـ قوپۇپ ئوقۇغىلى بولىدىغان بىر ئالىي مەدرىسە، شىمالىدا 200 نەپەر تالىپ يېتىپ ـ قوپۇپ ئوقۇيالايدىغان بىر ئادەتتىكى مەدرىسە بار ئىكەن. بۇ ئىككى مەدرىسە 1952 ـ يىلى تاقالغان. مازارنىڭ دەرۋازىلىرى بىلەن مۇنار 1968 ـ يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چېقىۋېتىلگەنىكەن.

ھازىر مازاردا تولۇق ساقلىنىپ قالغان ئاساسلىق قۇرۇلۇشتىن ئۈچى بار.

بىرىنچىسى، ھېيتگاھ مەسچىتى: مەسچىتنىڭ كۆلىمى 1850 كۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 37 مېتىر كېلىدۇ. بۇ مەسچىت 300 يىللىق تارىخقا ئىگە، توپا، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، ئىچكى ـ تاشقى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مەسچىتكە 4000 دىن كۆپرەك ئادەم سىغىدۇ. روزا ھېيت، قۇربان ھېيت نامىزى مۇشۇ مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ. مەسچىتنىڭ ئالدىدا سەككىز مو كېلىدىغان كۆل بار بولۇپ، بۇ كۆل چىرا ناھىيىسىدىكى

داڭلىق يەتتە چوڭ كۆلنىڭ بىرىدۇر.

ئىككىنچىسى، جۈمە مەسچىتى: بۇ مەسچىتنى 1947—1950- يىللىرى ئامما پۇل ئىئانە قىلىپ ياساتقان. مەسچىت قورۇ ۋە مەسچىتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 مېتىر، كەڭلىكى 75 مېتىر كېلىدۇ. 3500 ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مۇنار، ئوڭ تەرىپىدە 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان پەشتاق بار، مەسچىت توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان.

ئۈچىنچىسى، قەبرىگاھ بولۇپ، جامە مەسچىتنىڭ 50 مېتىر شىمالىغا جايلاشقان. ئومۇمىي كۆلىمى 1360 كۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر، كەڭلىكى 61 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەرگە جامە مەسچىتنىڭ قورۇسىدىكى چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن ئوڭ تەرىپىدە بىر يان ئىشىك بار، بۇ ئىشىكتىن ئۆتكەندە كەڭ كەتكەن قورۇغا چىققىلى بولىدۇ. مەقبەرە بار ئۆينىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرىپىدە قاشا تام بار، جەنۇبىي تەرىپى جامە بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى قەبرىگاھنىڭ جەنۇبىي تېمى بىلەن تۇتىشىدۇ.

قەبرىگاھنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەندە كۆلىمى 625 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قىرائەتخانە زالى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەبرىگاھ ئىمام جەئفىرى تېھرانىنىڭ جەستى مۇشۇ يەرگە ئۇچۇپ چۈشكەندە بىنا قىلىنغانىكەن. شۇڭا بۇ مازار مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە ناھايىتى مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ. ئىمام جەئفىرى تېھرانىنىڭ مەقبەرىسى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بەش

مېتىر، ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدۇ. مەقبەرىنىڭ ئەتراپىغا خىلمۇخىل تۇغ — ئەلەملەر قادالغان، مەقبەرىنىڭ ئۈستىگە ئايەت بىلەن نەقىشلەنگەن يوپۇق يېپىلغان بولۇپ، ئىنتايىن سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ. ئىمام جەئفىرى تېھران مازىرى چىرا ناھىيىسى بويىچە ھەيۋەتلىك ھەم داڭلىق سەيلە — ساياھەت ئورنى بولۇپ، بۇ يەرنى تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.





مازار پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈش

# تۆت ئىمام مازىرى

تۆت ئىمام مازىرى چىرا ناھىيە بوستان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ 1.8 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى قاراخانىيلار خانلىقى ئۇدۇن (خوتەن) خانلىقىنى ئىستېلا قىلىش جېڭىدە شېھىت بولغان تۆت ئىمامنىڭ قەبرىگاھى ئىكەن. 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، قاراخانىيلار خانلىقى ئۇدۇن خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىدىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇخارادىن نەسىرىددىن، مۇھەممەددىن، زەيدىن ۋە كاۋاندىن قاتارلىق تۆت ئىمام تۈمەن كىشىلىك لەشكەرگە قوماندانلىق قىلىپ قاراخانىيلار قوشۇنى بىللە ئۇدۇننى بويسۇندۇرۇش

ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئۇدۇن خانلىقىنى يوقاتقان. ئۇلار ئۇدۇن قوشۇنىنى ئارقىدىن قوغلاپ بوستان دېگەن جايغا كەلگەندە، تۆت ئىمامغا ئوق تېگىپ قازا تاپقان. قاراخانىيلار خانى يۈسۈپ قادىرخان ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن شۇ يەرگە دەپنە قىلىپ گۈمبەز ياساتقان ۋە ئۇلارغا ئاتاپ ۋەخپىلىك يەر بۆلۈپ بەرگەن، بۇ يەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن شەيخ بەلگىلىگەن.

مازاردا ھازىر تۆت مەقبەرە بولۇپ، ئەتراپىدا قورشاۋ تام بار. مازاردا يەنە بىر مەسچىت بار بولۇپ، بۇ توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق يېقىنقى زامان ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى سەئۇدى ئەرەبىستانلىق تۆت ئىمام بۇ يەرگە دىن تارقىتىشقا كەلگەندە ئۆلتۈرۈلگەن ھەم شۇ جايغا دەپنە قىلىنغانىمىش.

تۆت ئىمام مازىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قەدىمكى مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. مازارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى 200 مو كېلىدۇ.





# ئىمام غەززالى مازىرى

ئىمام غەززالى مازىرى كېرىيە ناھىيىسى لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئايىغىدىكى زاراتگاھلىقتا. مازارنىڭ ئەتراپىغا لاي بىلەن قورشاۋ تام ئېتىلگەن. تاملارغا ئويۇق چىقىرىلغان. ئىشىكتىن كىرگەندە سول تەرەپتە ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تاشنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ تاش تولا سىلانغانلىقتىن پارقىراپ كەتكەن. مەقبەرە تۆلۈق شەكلىدە بولۇپ، ئۈستىگە توغ ـ شەددىلەر ۋە تۇلۇملار ئېسىپ قويۇلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىمام غەززالى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ بىرىدىن كەلگەن داڭلىق ئىمام بولۇپ، بۇددىستلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ مۇشۇ يەردە شېھىت بولغانىكەن. تاۋاپچىلار ھەر يىلى 4 ـ ئاي ۋە 9 ـ ئايلاردا بۇ مازارنى يوقلاپ ئۆتۈپ ئاندىن ئىمام جەئفىرى سادىقتا بارىدۇ.



ئودام مازىرىدىكى كاخانا كۆرۈنۈشى

# ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرى

ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرى نىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نىيە يېزىسى قاپاق ئاسقان كەنتىنىڭ بەش كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، «نىيە چوڭ مازىرى»، «پاششايىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىمام جەئفىرى سادىق ئەسلي ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ 6 ـ ئەۋلاد ئىمامى بولۇپ، مىلادىيە 765 ـ يىلى مەدىنىدە قەتلە قىلىنغان. ئۇ خوتەن تەۋەسىگە كەلگەن ئەمەس. ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مازار شېغىللىق ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان. قۇم دۆۋىسىنىڭ ئاستىدىن قەبرىگاھقىچە بولغان يول ئۈستىدە 11 ئىشىك بار. قەبرىگاھ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، قەبرە شەكىللىك ئۆي

بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ چوڭ قەبرىسى قاتۇرۇلغان. قەبرىگاھنىڭ ئىچى — سىرتى تۇغ — ئەلەم، تۇرلۇك لەۋھە، ھەر خىل تۆمۈر، مىس، ياغاچتىن ياسالغان بىزەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. ئەتراپىدا مازارغا تەۋە مەسچىت بار. ئېيتىلىشىچە، بۇ مەسچىت نىيازھېكىم بەگ دەۋرىدە سېلىنغان بولۇپ، مەسچىتنى سېلىشقا كېتىدىغان خىش قەشقەر تەۋەسىدىن يۆتكەپ كېلىنگەنىكەن. مەسچىتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە خانىقا، ئېتىكاپخانا قاتارلىق 40 نەچچە ئېغىزلىق ئۆي بار. بۇ مازارنىڭ قاچان بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. ئۇنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى قاراخانىيلار بىلەن ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇرۇش مۇشۇ ئەتراپتا يۈز بەرگەن. ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ سەردارى ئۇرۇشتا شېھىت بولغان. يەنە بىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئىمام جەئفىرى سادىق ئۇدۇنغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كېلىپ، مۇشۇ يەردە شېھىت بولغانمىش. بۇ رىۋايەت «ئۇدۇن — قەشقەر تەزكىرىسى» ناملىق تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرىدە، ھىجرىيە 184 ـ يىلى جەئفىرى سادىق شەرقىي ئەلنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغان، قەشقەرنى بازا قىلىپ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلغان ۋە شۇ يەردە شېھىت بولغان... دېيىلگەن. ئاۋرېل ستېين (1862—1943)ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدىمۇ شۇ بويىچە قەيت قىلغان. بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىنىڭ ئەينى زاماندا 1000 دىن ئوشۇق قويى، 200 نەچچە تۇياق كالىسى، 100 نەچچە تۆگىسى، بىرقانچە ئون تۇياق ئېتى بولغانىكەن. مازارنىڭ شەيخلىرى 20 نەچچە،

مازاردا يېتىپ ــ قوپىدىغان دەرۋىشلەر 100 دىن ئاشىدىكەن.

ئىمام جەئفەرى سادىق مازىرى شىنجاڭدىكى تەسىرى بىرقەدەر چوڭ مازارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى گەنسۇ، نىڭشىيا ۋە چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە ــ ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدىمۇ خېلىلا تەسىرگە ئىگە مازارلارنىڭ بىرى. خەلق ئىچىدە «ئىمام جەئفەرى سادىق مازىرىنى ئۈچ قېتىم تاۋاپ قىلغانلىق مەككىدىكى كەئبىنى تاۋاپ قىلغانلىق بىلەن باراۋەر» دەيدىغان قاراش ساقلىنىپ كەلگەن. ھەر يىلى ياز ۋە كۈز پەسلىدە، بولۇپمۇ 8 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10 ــ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. شىنجاڭنىڭ خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلىرى، گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق ئىچكى ئۆلكە ــ رايونلاردىن ناھايىتى نۇرغۇن مۇسۇلمانلار كېلىپ ــ كېتىپ تۇرىدۇ.

ئىمام جەئفەرى سادىق مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.





قىرمىش ئاتام مازىرىدىكى ئايەت تاختىسى

# قىرمىش ئاتام مازىرى

قىرمىش ئاتام مازىرى ئونسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ 61 كىلومېتىر غەربىدىكى ساۋاپچى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دۆمبەل تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان بولۇپ، «سۇلتانى قىرمىش ئاتا مازىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مازار ۋە ئالاقىدار جايلارنىڭ كۆلىمى 680 مو كېلىدۇ. مازار ۋە ئالاقىدار جايلارنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى تەبىئىي ئورمانزارلىقتا «شىپالىق بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان سۈپسۈزۈك بۇلاق، خىلمۇخىل قەدىمىي دەرەخلەر، خۇش پۇراق گۈل ـ گىياھلار ۋە تۈرلۈك دورا ئۆسۈملۈكلىرى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بۇلاق بېشىدىكى يۇلغۇن ۋە دەرەخلەرگە ھەر خىل رەڭدىكى سان ـ ساناقسىز لاتا ـ پۇرۇچلار ئېسىۋېتىلگەن. بۇ يەردىكى دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسى 100 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، دەرەخزارلىق

تۇسكە كىرىدۇ. مازارنىڭ ئۈچ ئەتراپى چۆل - جەزىرە بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. مازار يەر يۈزىدىن 50 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دۆمبەل تاغنىڭ قاپتىلىغا جايلاشقان.

يېقىندا تېپىلغان «سۇلتان قىرمىش ئاتا تەزكىرىسى»نىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈلگەن موللا لېتىئوللا ئىسىملىك كىشىنىڭ «مەقسۇلنامە — سۇلتان قىرمىش ئاتا» سەرلەۋھىلىك شېئىر بىلەن يېزىلغان تەزكىرىسىدىكى «بۇ زات ئاللانىڭ خەلققە ئىلتىپات قىلغان شاھى-سۇلتانى. ئۇنىڭ مۇئەتتەر ھىدلىرىدىن ھەممە پاك ئىدى. مەرىپەت بېغىنىڭ گۈلزارى، مائارىپ گۈلىستانىنىڭ بۇلبۇلى، ئالەمنىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزى، شەرىئەتنىڭ رەھنەماسى، تەرىقەتنىڭ پېشۋاسى...» دېگەنگە ئوخشاش مەدھىيىلىرى، بۇ مازارنىڭ ئاقسۇ تەۋەسىدە نامى بار، مەشھۇر زىيارەتگاھ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇرۇن ھەر يىلى بارات ئېيىدا ئاقسۇ، ئونسۇ، ئۈچتۇرپان، ئاۋات، باي، كەلپىن قاتارلىق ناھىيىلەر، ھەتتا قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كورلا قاتارلىق جايلاردىن مۇسۇلمانلار بۇ مازارغا زىيارەتكە كەلگەن. مازارنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى ئورمانزارلىق ئىچىدە 1865 - يىللىرى ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) زامانىدا ياسالغان ھەشەمەتلىك بىر خانىقا ۋە تام - تورۇسلىرى ئاجايىپ كۆركەم، نەقىشلىك، تۆت ئېگىزلىق ئېتىكاپخانا بار. ئۆتمۈشتە، ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان تاۋاپچىلار بىلەن ساياھەتچىلەرنىڭ سانى ئىنتايىن جىق ئىدى، بولۇپمۇ كونا يىل بويىچە شەئبان ئاي (بارات ئېيى)دا كىشىلەر بۇ مازارغا يىغىلىپ، قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق ماللارنى سويۇپ تۈنەك پائالىيىتى ئېلىپ باراتتى، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى. قىرمىش ئاتام مازارى توغرىسىدا ئۇيغۇر

تارىخچى موللا مۇسا سايرامى «تارىخي ھەمىدى» ناملىق كىتابىدا، ئاقسۇدا قىرمىش ئاتا ناملىق بىر داڭلىق مازار بارلىقى، كىشىلەر بۇ مازارغا بەكمۇ ئىخلاس قىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ مازاردىكى تاۋاپ پائالىيەتلىرى چەكلەنگەن. بۇ مازار ھازىر ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، مازارغا قارايدىغان مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلغان.

«قىرمىش ئاتام مازىرى»دىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر تاۋاپگاھ، سەيلىگاھ ۋە تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇننى قوغداش يۈزىسىدىن 1986 - يىلى ئونسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن 40 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئامما 100 مىڭ يۈەن پۇل توپلاپ مەسچىت، خانىقا، گۈمبەز، بۇلاق ۋە مازار يوللىرى رېمونت قىلىندى. مازار ئەتراپى 300 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆمۈر ۋادەك بىلەن قورشالدى. كىچىك تېپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ «تۈنەكچىلەر»نى يورۇقلۇق بىلەن تەمىنلىدى. 1982- يىلى بۇ مازار «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي سەيلە ـ ساياھەتچىلەر ئۇچۇن ئېچىۋېتىلدى ھەمدە ئونسۇ ناھىيە بازىرىدىن قاتنايدىغان كۈندىلىك ئاپتوبۇس ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئىسمايىل شەيخ، ھەسەن شەيخ، ئايۇپ شەيخ، ھاپىز شەيخ قاتارلىق نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا بۇ مازارغا قاراپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نوپۇسىمۇ پەيدىنپەي كۆپىيىپ، مازاردىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇمشۇق يېزىسىنىڭ شەيخلا كەنتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھازىرمۇ مازاردا ئىككى ئائىلىلىك شەيخ بار.



ئۇيغۇر مازارلىرىدىن كۆرۈنۈش

# تىلمىش ئاتا مازىرى

تىلمىش ئاتا مازىرى ئونسۇ ناھىيە تۇمشۇق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق يەرنىڭ سەككىز كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭغا تەۋە ئومۇمىي يەر كۆلىمى 500 مودىن ئارتۇق. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ مازارنىڭ ئىگىسى تىلمىش ئىسىملىك زات بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش داۋامىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا قازاغا ئۇچراپ، مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغانىكەن. ھازىر بۇ جايدا خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان گۈمبەز تۇرۇشلۇق بىر قەبرە بار بولۇپ، گۈمبەزنىڭ ئۈستى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، قەبرىگاھنىڭ كۆلىمى 33.6 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىچىدە شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ ياسالغان قەدىمىي بىر مەقبەرە بار.

تىلمىش ئاتا مازىرى 1989 ـ يىلى « ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.



# سۇلتانىم مەھمۇد بۇزرۇكۋار قەدىمىي قەبرىگاھلىقى

سۇلتانىم مەھمۇد بۇزرۇكۋار قەدىمىي قەبرىگاھلىقى ئونسۇ ناھىيىسى ئەشمە بۇلاق كوچىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان. بۇ كۆلىمى چوڭ، تارىخى ئۇزۇن بولغان قەبرىگاھلىق بولۇپ، بۇ قەبرىگاھلىق ئونسۇ شاھزادە قەبرىگاھى، خانئانام قەبرىگاھى ۋە ماجاڭجۇن قەبرىگاھىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۇلتانىم قەبرىگاھلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 6000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇ يەردە دەپنە قىلىنغان زات رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلتانىم مەھمۇد، ئەلى، پەخرىددىن، بۇۋىھەجەر ئانام، قادىر قاتارلىق كىشىلەر ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇلتانىم مەھمۇد بۇزرۇكۋار مەقبەرىسى ئەڭ چوڭ،

ئەڭ قەدىمىي بولغانلىقى ئۈچۈن قەبرىگاھلىقنىڭ نامى سۇلتانىم مەھمۇد بۇزرۇكۋار قەبرىگاھلىقى دەپ ئاتالغانىكەن.

ئۇنسۇ شاھزادە قەبرىگاھى ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، كۆك خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. قەبرىگاھنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.05 مېتىر، شەرقىي ۋە غەربىي تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.77 مېتىر كېلىدۇ. قەبرىگاھ يۇمىلاق گۈمبىزىنىڭ ئېگىزلىكى 2.2 مېتىر، دىئامېتىرى 3.8 مېتىر بولۇپ، تۆت تەرىپىدە دىئامېتىرى 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق تۈۋرۈكى بار. قەبرىگاھ جەنۇبىي تېمىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي بۇرجىكىدە مۇنارى بار، شەرقىي بۇرجىكىدىكى مۇناردىكى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان پەلەمپەي ئارقىلىق قەبرىگاھنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى تامغا دېرىزە قويۇلغان. قەبرىگاھنىڭ ئىشىكى شەرقىي جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغان بولۇپ، ئىشىك بېشىغا ھىجرىيە 1266 ـ يىلى بىنا قىلىندى دەپ پۈتۈلگەن. بۇ مىلادىيە 1850 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. قەبرىگاھنىڭ تۆت ئەتراپى بىلەن گۈمبىزىنىڭ تېمىدا گېئومېترىيىلىك نەقىش ـ بېزەكلەر بار. ھازىر مازارنىڭ ئىچىدە قەبرە ئىگىسىنىڭ قەبرىسى يوق بولۇپ، شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە بىر كىچىك قەبرە ۋە قەبرىگاھنىڭ سىرتىدا نەچچە ئون كونا قەبرىلەر ساقلىنىپ قالغان. ئېيتىلىشىچە، بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىگىلىرى خوجەش ۋاڭنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن.

ئومۇمەن، ئۇنسۇ شاھزادە قەبرىگاھلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، قەبرىگاھنىڭ تاملىرى بىلەن تورۇسلىرى توققۇز خىل رەڭلىك كاھىش بىلەن بېزەلگەن. قەبرىگاھقا 28 باسقۇچلۇق

پەلەمپەي قويۇلغان. ئوڭ ـ سول تەرىپىدە 99 تال ياغاچ تاختايدىن ياسالغان لەمپىسى بار، ھەربىر ياغاچ تاختاي بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئۆزىگە خاس دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

خانئانام قەبرىگاھى خانئانام مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مازارنىڭ خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 80°15'40" ، شىمالىي پاراللېل 41°16'34" قا توغرا كېلىدۇ. مازار تەخمىنەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەبرىگاھنىڭ ئىگىسى خانئانام خوجەش جەمەتىنىڭ ئەزاسى ئىكەن. بۇ قەبرىگاھ ئۈچ گۈمبەزدىن تەركىب تاپقان. ئاساسلىق گۈمبەزنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 16 كۋادرات مېتىر، گۈمبەز ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر بولۇپ، چاسا شەكىللىك، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئىچى ـ تېشى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. گۈمبەزنىڭ ئىچى ۋە تورۇسلىرى قارا، قىزىل، يېشىل، كۆك، قوڭۇر قاتارلىق ھەر خىل رەڭ بىلەن زىننەتلەنگەن ھەمدە گۈل ـ گىياھ ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلگەن. قالغان ئىككى گۈمبەزنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 29 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئاساسىي گۈمبەزگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا خانئانا ئەۋلادلىرىدىن 10 نەچچە كىشى دەپنە قىلىنغان.

ماجاڭجۇن قەبرىگاھى سۇلتانىم مەھمۇد بۇزرۇكۋار قەبرىگاھلىقىغا تەۋە بولۇپ، بۇ قەبرىگاھ چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنىتىنىڭ 13 ـ يىلى (مىلادىيە 1887 ـ يىلى) ياسالغان. قۇرۇلۇش كۆلىمى 36 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن قۇرۇلۇش سەككىز بۇرجەك شەكىلدە كېسەك

بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۈستى گۈمبەزسىمان، سىرتى گەج بىلەن زىننەتلەنگەن، قەبرىگاھنىڭ شەرقىي، غەربىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدىكى تېمىدا يۇمىلاق دېرىزىسى بار، قەبرىگاھنىڭ ئىچىگە ئېگىزلىكى 140 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 73 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 15 سانتىمېتىر كېلىدىغان يېشىل تاش ئابىدە قويۇلغان. ئابىدىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە گۇاڭشۈي سەلتەنىتىنىڭ 13 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دېگەن خەت ئويۇلغان.

سۇلتانىم مەھمۇد بۇزرۇكۋار قەبرىگاھلىقى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىسلام بىناكارلىق قۇرۇلۇش سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن تارىخىي پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، 1990 - يىلى « ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.





# مەۋلانە مازىرى

مەۋلانە مازىرى (بەزىلەر ئايكۆل مەۋلانەم مازىرى دەپ ئاتىشىدۇ) ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل يېزىسى كونا بازار مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تەرىپىگە بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. مازار يۈەن ـ مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە سېلىنغان. مازار كۆلىمى 50×40 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مازارنىڭ ئىگىسى مەۋلانە جالالىددىن كېيىنكى دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ ئىنشانلار مەزھىپىنى بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقاتقان كىشى ئىكەن. بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا، مەۋلانە جالالىددىن كېيىنكى ئەبۇ ھاپىس كېبىرنىڭ ئوغلى، مەۋلانە ئەرشىددىن خوجىنىڭ دادىسى بولۇپ، ئۇ يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى توغان تىمۇر سەلتەنىتى دەۋرىدە (مىلادىيە

1333 — 1368 - يىللار) 17 نەپەر مۇرىتىنى باشلاپ ئابكۆل ئەتراپىدا دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغانىكەن. مىلادىيە 1352 - يىلى ئايكۆلدە ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ، ھازىرقى مازار شەكىللەنگەن. ئەينى زاماندا بۇ جايغا ھەشەمەتلىك مازار ئىمارەتلىرى بىلەن مەسچىت، مەدرىسىلەر ياسالغان. بۇ يەردە يەنە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىدا سېلىنغان نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە مەۋلانەم مەسچىتى دەپ ئاتىلىدىغان ھەيۋەتلىك مەسچىت بار بولۇپ، بۇ مەسچىت ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە تەۋە ئۇچتۇرپان، كەلپىن، ئاۋات، ئونسۇ قاتارلىق ناھىيىلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەنىدى. بىراق، مازار ۋە مەسچىتنىڭ ئەسلىدىكى قۇرۇلۇشلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. يېقىندىن سېلىنغان مەۋلانە قەبرىگاھى ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە گۈمبەز تورۇسلۇق قۇرۇلۇش بولۇپ، گۈمبەزنىڭ ئالدىغا پېشايۋان چىقىرىلغان، قەبرىگاھنىڭ سىرتقى تام، تۈۋرۈك ۋە لەمپىلىرىگە چىرايلىق نەقىشلەر ئىشلەنگەن، ئۈستى ۋە ئەتراپلىرىگە دېرىزە ئورنىتىلغان، ئالدى تېمىنىڭ بۇرجەكلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىككى مۇنار چىقىرىلغان. مەقبەرە ئۈستىگە نۇرغۇن يوپۇقلار يېپىلغان. ھازىرقى مەسچىتمۇ 1982 - يىلى كونا مەسچىت ئورنىغا قايتىدىن ياسالغان بولۇپ، مەسچىت ئىچىنىڭ ياسىلىشى ناھايىتى چىرايلىق، تاملىرىغا ھۆسنخەتلەر يېزىلغان، تام ئويۇقلىرىغا گۈللەر تىزىلغان، يەرگە چىرايلىق گىلەملەر سېلىنغان.

مەۋلانە قەبرىگاھىنىڭ 7 - 8 مېتىر نېرىسىدا ئاستى

پىششىق خىشتىن سەككىز بۇرجەكلىك، ئۈستى كاكىل لاي بىلەن گۈمبەز نورۇسلۇق قىلىپ يېڭىدىن سىپىلىنغان بىر قەبرىگاھ بار بولۇپ، بۇ شەيخ جامالىددىننىڭ قەبرىگاھىدۇر. مەقبەرە ئۈستىگە نۇرغۇن يوپۇق ۋە لەۋھەلەر يېپىلغان.

مىڭ سۇلالىسى تەيزۇ خان سەلتەنىتى خۇڭۋۇ 18— 22 - يىللىرى (مىلادىيە 1385— 1389- يىللىرى) شەيخ جامالىددىن تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ھەمكارلىشىپ، تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا قازا قىلغان. كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى يۆتكەپ كېلىنىپ مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مازار بىنا بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كىشى خۇيزۇلارغا ئىسلام تارقاتقانىكەن. شۇڭا بۇ يەرنى خۇيزۇلار يىراق- يېقىنلاردىن كېلىپ كۆپ تاۋاپ قىلىدۇ.

مەۋلانە قەبرىگاھىنىڭ 10 مېتىر شەرقىدە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر قەدىمىي گۈمبەز بار، ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مەۋلانە جالالىددىن كېتىكى بىلەن بىللە ئايكۆلگە كەلگەن بەلىخ ئېلىنىڭ شاھزادىسى شەيخ شاھاۋىددىن بەلىخنىڭ قەبرىسى ئىكەن.

مازارلىقنىڭ ئىچى ۋە تېشى نۇغراق قاتارلىق دەل- دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان.





مازاردىكى ئۆيلۈك بولۇشنى تىلەپ ياسالغان سىمۋوللۇق ئوچاق

# ھاجى خاراباتى مازىرى

ھاجى خاراباتى مازىرى ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل يېزىسى چۇغتال كەنتىگە جايلاشقان. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئەدىب، شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىنىڭ قەبرىگاھى.

خاراباتى 1638 - يىلى چۇغتال كەنتىدە موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بۇخاراغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەمدە ھەج - تاۋاپ قىلغان، 1730 - يىلى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ھاجى خاراباتى شۇ زامانىنىڭ داڭلىق شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن زامانىمىزغا يېتىپ كەلگىنى ھىجرىيە 1146 - يىلى (مىلادىيە 1726 - يىلى) كىتاب قىلىپ چىقىرىلغان، 112 شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خاراباتى مەسنەۋىلىرى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھاجى خاراباتى

ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يۇرتىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ۋە ئېتىقادى بىلەن ئۇنى «دانىشمەن» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ قەبرىگاھى ئالدىغا خاتىرە تېشى تۇرغۇزغان، قەبرىگاھنى يوقلاپ زىيارەت قىلىپ تۇرغان. بۇ يەردە بىر مەدرىسە ۋە مەسچىت بىنا قىلغان، مازارنى ساقلاش ئۈچۈن شەيخ ۋە جارۇپكەشلەرنى توختاتقان، يەر - زېمىنلىرىنى ۋەخپە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم بىلەن مازارنى رېمونت قىلىپ تۇرغان. ھاجى خاراباتى مازىرى مەۋلانە مازىرى بىلەن بىرگە ئاقسۇ شەھىرى بويىچە ئەڭ داڭلىق مازار بولۇپ، تاكى ئازاد بولغانغا قەدەر يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ زور كۆلەمدە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ھېيت - ئايەملەردە ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدىغان يېرىگە ئايلانغان. ھاجى خاراباتىنىڭ قەبرىگاھى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ كەتكەن. مازارغا تەۋە ۋەخپە يەرلەرمۇ 1953 - يىلى يەرسىز دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن.





مازار دىكى خاسىيەتلىك تاش

# ئەختەم بۇزرۇكۋار مازىرى

ئەختەم بۇزرۇكۋار مازىرى ئاقسۇ، قەشقەر تەۋەسىدىكى مەشھۇر مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 90 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئەختەم بۇزرۇكۋار مازىرىدا ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر كۆپ بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق قەبرە بار. مازار تاۋاپچىلار ئۇستى ـ ئۇستىلەپ قاداپ كەتكەن تۇغ ـ شەددىلەر، ئېسىلغان تۇغ ـ ئەلەملەر بىلەن سۇرلۇك ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. مازاردا ئازادلىقتىن بۇرۇن بىر خانىقا، بىرقانچە ئېغىزلىق تىلاۋەتخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلار بولغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇلارنى 1949 ـ يىلى ئاۋات ناھىيە غورۇچۇل

يېزىلىق ئىمىنىن ھاجى دېگەن كىشى پۇل چىقىرىپ رېمونت قىلدۇرۇپ سالدۇرغان ھەمدە نىياز بەگچەك دېگەن كىشىنى شەيخ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. مازار ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن، قۇرۇلۇشلىرى بۇزۇلۇپ تۆكۈلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا شەيخلەر گەمە كولاپ قويغان. ھازىر بۇ مازارغا تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلەر گەمىلەرگە ئورۇنلىشىدىكەن.

ئەختەم بۇزرۇكۋار مازىرىغا يېقىن جايدا تۇغ ـ شەددە قادالغان «باش ئالغۇچ»، «قالماق قومى» دېگەن جاي بار. مازاردىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ نەچچە كىلومېتىر ماڭغاندا «سەردار گۈمبىزى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبرىگاھلىق بار. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىر، كۆلىمى 30 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا مىڭدىن ئارتۇق قەبرە ئىزى بار.

ئەختەم بۇزرۇكۋار مازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا «گۈمبەز تالا» ياكى «مۇراد ـ مەقسەت ئاتام مازىرى» دېگەن جاي بار. «سەردار گۈمبىزى»، «گۈمبەز تالا» دېگەن جايلار ياخشى قوغدالمىغانلىقتىن، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن

ئەختەم بۇزرۇكۋاردا دەپنە قىلىنغان ئەختەم دېگەن زاتنىڭ كىملىكى توغرىسىدا يازما ماتېرىيال يوق. «ئەختەم رەزىيەللاھۇ قىسسىسى» (بۇ قىسسە ئەمەلىيەتتە «ھەپتە دەرغازات» ناملىق ئەرەب ئىسلام جەڭنامىسىنىڭ 8 ـ بابى) دا بايان قىلىنىشىچە، ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ساھابىسى ئىكەن. ئۇ پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا شېھىت بولۇپ، ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە دەپنە قىلىنغانمىش. بىراق ئىسلام تارىخىدىن قارىغاندا، ئەختەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرەبىستاندا شېھىت بولۇپ، ئۆز زېمىنىدا دەپنە قىلىنغان،

يەنە كېلىپ ئەينى زاماندا ئەرەبلەرنىڭ قەدىمى ئاقسۇغا يەتكەن ئەمەس.

بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئەخمەت 17 ــ ئەسىرلەردە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە تالان-تاراج قىلىشىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان دولان ئۇيغۇر قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى ۋە مىللىي قەھرىمانى. ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىدىكى شىپىتدۆڭ يېزىسىغا تەۋە «قالماق جىلغىسى» قاتارلىق يەر ناملىرى شۇ زاماندىكى تارىخىي ۋەقەلىكنىڭ يادنامىسى. مەكىت ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا مارالبېشى، يەكەن، يوپۇرغا ۋە ئاقسۇ ئاۋات قاتارلىق قوشنا ناھىيىلەرنىڭ مەكىتكە يېقىن كۆپلىگەن يېزا ــ كەنتلىرىگىچە تارىلىپ ئولتۇراقلاشقان دولان ئۇيغۇرلىرى ئازادلىق يولىدا قۇربان بولغان مىللىي قەھرىمانى ئەختەمنىڭ باتۇرلۇقىنى ئەسلەپ، دۇئا ــ تەكبىر قىلىپ تۇرۇش يۈزىسىدىن بۇ مازارنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئەسىرلەرنى چانىغان جايغا «باش ئالغۇچ» دەپ نام بەرگەن. ھازىرمۇ بۇ مازارنى زىيارەت قىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىلىرى قەدىمكى دولانلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، قەشقەر، يەكەن، مارالبېشى، مەكىت، ئاقسۇ ئاۋات، ئۈچتۇرپان قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئۇيغۇرلاردۇر. بولۇپمۇ تۈنەك مەزگىلىدە (بارات ئېيىنىڭ 14 ــ ، 15 ــ كۈنلىرى) بۇ مازارغا تاۋاپقا كېلىپ، تۈنەپ، دۇئا ــ تىلاۋەت قىلىدىغانلار نەچچە مىڭدىن ئاشىدۇ، ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ نەزىر بېرىپ تۇرۇلىدۇ.



# يەتتە قىزلىرىم مازىرى

يەتتە قىزلىرىم مازىرى ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقتوقاي تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي يانباغرىغا جايلاشقان. يەتتە قىزنىڭ مەقبەرىسى ياغاچ ۋادەك ئىچىگە ئېلىنغان. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، بۇقەبىرگاھ چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى (مىلادىيە 1765 - يىلى) زۇلۇمغا قارشى ئۇچتۇرپاندا يۈز بەرگەن ئاكا - ئۇكا (بەزى مەنبەلەردە ئاتا - بالا دېيىلىدۇ) رەھمىتۇللا ۋە ئەسمەتۇللا باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى («جىگدە بېغىلىقى»)نىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن ئايال پالۋان مايىسخان باشلىق يەتتە قىز نۆكەرنىڭ مەقبەرىسىدۇر.

ئۇچتۇرپان دېھقانلىرى رەھمىتۇللا، ئەسمەتۇللا بەگلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر مەغلۇپ بولىدۇ ۋە كېيىن قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلارنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمى قىرغىن قىلىنىپ، 10 مىڭدىن كۆپرەك كىشى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بارلىق بالايىئاپەت يۇرتتا قالغان خوتۇن - قىزلارنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. زۇلۇمغا چىدىمىغان بىر تۈركۈم ئەر - ئاياللار رەھمىتۇللا بەگنىڭ سىڭلىسى مايىسخان ۋە غۇنچىخاننىڭ باشچىلىقىدا تەشكىللىنىپ، تاغ، يار، جىلغىلار ۋە ئورمانلىقلارغا

يوشۇرۇنۇپ، چىلەك سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا داۋاملىق زەربە بېرىدۇ. بۇ تارىختا «مايسىخان جېڭى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، بۇ قېتىمقى جەڭ ئۈچ ئايچە داۋام قىلىپ، مايسىخان بىلەن غۇنچىخان باشچىلىقىدىكى يەتتە نەپەر ئايال ئاقتوقاي يېزىسىدا دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ئاخىر تاغدىن ئۆزىنى ئېتىپ مەردلەرچە قۇربان بولغان. كېيىن كىشىلەر بۇ يەتتە ئايال قەھرىمانىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئاقتوقاي تېغىنىڭ غەربىي شىمالىغا «يەتتە قىز مەقبەرىسى»نى ياساتقانىكەن.

ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ 1942 - يىلى ئۈچتۇرپانغا ھاكىم بولۇپ تۇرغاندا يازغان «ئۈچتۇرپاندىكى ئاسار-ئەتىقىلەر ۋە جۇڭگو - روسىيە چېگراسى توغرىسىدا ئىزاھات» دېگەن ماقالىسىدە: يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى مۇسۇلمانچە ياسالغان، ئۈستى يېپىقلىق. بۇ مەقبەرىنى ئۇيغۇرچە «يەتتە قىزلىرىم» دەپ ئاتايدۇ. مەقبەرىنى شەيخ ئاخۇن ساقلايدۇ. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار كېچىلىرى مەقبەرىگە كېلىپ، قاپاق كۆيدۈرۈپ «ۋەششەمسى» تۇۋلايدۇ، مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر - چىراغ بېرىدۇ. ئايالλار دۇئا - تىلاۋەت، يىغا - زار قىلىشىپ، مەقبەرە شادىسىغا قىزىل لاتا (تۇغ) باغلايدۇ. بۇ ئۈچتۇرپاندىكى مۇھىم ئاسارئەتىقىلەرنىڭ بىرى... دەپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، «يەتتە قىزلىرىم» مەقبەرىسى ئىككى ئەسىردىن بۇيان ئىزچىل ناۋاپگاھ ۋە زىيارەتگاھ بولۇپ كەلمەكتە. يەتتە قىزلىرىم مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.



# موللا شاكىر مازىرى

موللا شاكىر مازىرى ئاقسۇ ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقتوقاي يېزىسىدىكى داڭلىق سەيلىگاھ سوۋۇتقىغا جايلاشقان.

موللا شاكىر 19 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، تارىخشۇناس، تىلشۇناس بولۇپ، ھىجرىيە 1222 - يىلى(مىلادىيە 1807 - يىلى) ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل يېزىسىدا موللا تاھىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. چوڭ دادىسى شاربان كۇچادا ئەمەلدار بولۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. چوڭ بوۋىسى مەرزى مۇزەپپەر كەشمىردە مىراخور بولغان. كېيىن ئەبۇ سەئىدى خاننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئافغانىستاننىڭ قەندىھار شەھىرىگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، كۇچاغا قايتىپ كېلىپ، كۇچادا ۋاپات بولغان.

موللا شاكىر باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئايكۆل مەۋلانە مەسچىتىدە، كۇچادا ئىگىلىگەن، كېيىن يۇقىرى

مەلۇماتلارنى ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلاردا ئالغان. 1864 - يىلى راشىددىن خوجىنىڭ ئاقسۇ ئۇچتۇرپانغا يۈرۈش قىلغان لەشكەر باشلىقلىرى ھامىدىن خوجا، خېتىپ خوجا قاتارلىقلار بىلەن شۇ قوشۇننىڭ قەلەمدارى بولۇپ ئۇچتۇرپانغا كەلگەن. بۇ چاغدا موللا شاكىر 59 ياشتا بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 38 يىل بولغانىدى. كېيىن ئۇچتۇرپاننىڭ سويتقا سەيلىگاھىغا پاناھلاندى. موللا شاكىر 61 يېشىدا 4800 مىسرالىق «زەپەرنامە» (غالىبىيەت قىسسىسى) ناملىق مەشھۇر داستانىنى تاماملاپ، 1870 - يىلى سويتقىدىكى ھۇجرىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

سويتقىنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، ئەتراپى قويۇق دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان. موللا شاكىر مەقبەرىسى ئۈستى گۈمبەز شەكىللىك، چىرايلىق نەقىشلەنگەن شىپاڭ ئىچىگە ئېلىنغان. مازارنىڭ يېنىدا مازارغا تەۋە بىر مەسچىت ۋە نۇرغۇن قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن شەكىللەنگەن، سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن ئاستىدىكى تاشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر چوڭ كۆل بار. يەرلىكتە ھەزرىتى ئەلى بۇ كۆلدە دۇلدۇلىنى سۇغارغان ۋە دەم ئالدۇرۇپ سۇۋۇتقان دېگەن رىۋايەت تارقالغاچقا، كىشىلەر بۇ كۆلگە ئىخلاس قىلىپ كەلگەن. سويتقا كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئۇچتۇرپان خەلقى بۇ يەردە نورۇز بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن، موللا شاكىرنىڭ مازىرىنى يوقلاش بولسا، بۇ بايرامنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىنغان. بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا.



ئۇيغۇر مازارلىرىدىن كۆرۈنۈش

## توققۇز گۈمبەز مازىرى

توققۇز گۈمبەز مازىرى كەلپىن ناھىيىسى يۇرچى يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بويىچە تارىخى ئۇزۇن، تەسىرى بىرقەدەر چوڭ مازار ھېسابلىنىدۇ. بۇ مازارنىڭ بەرپا قىلىنىشى توغرىسىدا ئەل ئىچىدە تۈرلۈك رىۋايەتلەر تارقالغان. شۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئىسلام دىنى شىددەت بىلەن شەرققە قاراپ كېڭەيتىلگەن چاغلاردا، سامانىيلار (مىلادىيە 895 — 1005 - يىللىرى) ئېلىدىن ئابدۇل پەتتاھ سامانى ئىسىملىك بىر زات ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن لەشكەر باشلاپ كەلپىن دىيارىغا كەلگەنىكەن. ئۇلار بۇ يەرلىك بۇتپەرەسلەر بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغانىكەن. جەڭدە ئابدۇل پەتتاھ سامانى باشچىلىقىدىكى توققۇز سەركەردە شېھىت بوپتۇ. جەڭدە شېھىت بولغان بۇ

توققۇز سەركەردىنى ئۇلارنىڭ سەپداشلىرى ھازىرقى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۇرچى يېزىسىغا دەپنە قىپتۇ ھەمدە ئۇلارغا ئاتاپ توققۇز گۇمبەز ياساپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ مازار توققۇز گۇمبەز مازىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىكەن. بۇ مازارنىڭ كەلپىن ناھىيىسى بويىچە خېلىلا داڭقى بار بولۇپ، بۇرۇن ھەر يىلى ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ھەرقايسى يېزىلاردىن كىشىلەر مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلاتتى، شېھىتلەر روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ بېرىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ تۇراتتى. توققۇز گۇمبەز مازىرى ئەسلىدە گۇمبەز، خانىقا ۋە ئىككى توپ ئۈجمە دەرىخىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، گۇمبەز مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا يېڭىدىن سېلىنغان يۇرچى باشلانغۇچ مەكتىپى قورۇسى بار. كونا خانىقانىڭ ئورنىغا كېيىن سېلىنغان يېڭى خانىقا مەسچىتى بار بولۇپ، يۇرچى يېزىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئىككى ھېيت نامىزىنى مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ ئوقۇيدۇ، مازار ئالدىدىكى يوغان، ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم ئۆسكەن ئىككى توپ قەدىمىي ئۈجمە دەرىخىنىڭ بىر توپى 80 ـ يىللىرى ئاسماندىن چۈشكەن چېقىمنىڭ زەربىسى بىلەن يېرىلىپ كەتكەن.





# مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا مازىرى

مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا مازىرى كۇچا كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى مازار بېغى مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، يېڭىشەھەرنىڭ غەربىگە 700 مېتىر كېلىدۇ.

مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا ئاتاقلىق دىن تارقاتقۇچى بۇخارالىق مەۋلانە جامالىددىن بۇخارىينىڭ چوڭ ئوغلى. مەۋلانە جامالىددىن خوجا 13- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭغا كېلىپ، ئاقسۇ، كۇچا ئەتراپىدا دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، موغۇلىستان خانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە ۋە ئۇنىڭ شاھزادە، بەگلەر ۋە ئېسىلزادە خېنىملار بىلەن بىر- بىرلەپ سۆزلىشىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇشىغا ياردەملەشكەن. تۇغلۇق تۆمۈر ئۇنىڭ ئىسلام دىنى تارقىتىشتىكى تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئۈچ خىل ئىمتىياز بەرگەن. بىرىنچى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ مۇتلىق ۋەزىپىسىنى مىراس قىلىپ بەرگەن؛ ئىككىنچى، كۇچادا ئەرشىددىنگە مەخسۇس دىنىي رايون ئايرىپ بەرگەن؛ ئۈچىنچى، ئۆشرە- زاكاتلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەرشىددىنگە ئاجرىتىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، ئەرشىددىن جەمەتى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. مەۋلانە ئەرشىددىن كۇچادا تۇرغان ۋە يېڭى مەسچىت

سالدۇرغان، كۇچانىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. 14 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋاپات بولۇپ، مەسچىتنىڭ ئالدى تەرىپىگە دەپنە قىلىنغان، ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مازار ياسالغان.

مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا مازىرىنىڭ ئەسلى ئورنىدا مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا ھايات ۋاقتىدا (تەخمىنەن مىلادىيە 1336 — 1437 - يىللىرى) دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارغان خانىقا بار ئىدى. كېيىن مەسچىت، مەھكىمە شەرئى، مازار ۋە مەۋلانە ئەرشىددىن خوجىنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇن قىلىپ ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىلگەن. ھازىرقى مازاردىكى قۇرۇلۇشلار، بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا، قوقەنتلىك ياقۇپبەگ قوشۇنى كۇچانى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە (مىلادىيە 1867 — 1871- يىللىرى) قايتىدىن ياسالغانىكەن. مازاردىكى مەسچىتنىڭ غەربىي تېمىدا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى گۇاڭشۇ زامانىدا (1875— 1908- يىللىرى) كۇچاغا ئامبال بولغان لى فەننىڭ 1881 - يىلى مازارغا ئاتاپ يازغان بېغىشلىمىسى بار.

مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا مازىرى توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۇپ، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. قەبرىگاھنىڭ ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 16 مېتىر كېلىدۇ. ئۈچ تەرىپى كېسەك تام بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، ياغاچ پەنجىرىلىك دېرىزە قويۇلغان. ئالدى تەرىپىگە ياغاچ پەنجىرە ۋە قوش قاناتلىق ئىشىك ئورنىتىلغان. ئەتراپىغا تۈۋرۈكلۈك پېشايۋان ياسالغان ۋە ياغاچ ۋادەك بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان.

مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا مازىرى 14 - ئەسىرنىڭ

ئاخىرىدا ياسالغاندىن بۇيان كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان، بىراق رېمونت قىلىش داۋامىدا ئەڭ دەسلەپكى ياسىلىش ئۇسلۇبى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىنغان.

مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا مازىرىنىڭ بېنىغا چوڭ مەسچىت سېلىنغان، كىشىلەر بۇ مەسچىتنى «كۆچا خانىقاسى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭدا مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ، مەسچىت ئىچكىرىكى مەسچىت، تاشقىرىقى مەسچىت دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن ۋە باغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ سېلىنغان. ئىچكىرىكى مەسچىت ئىچكىرى – تاشقىرى قىلىپ سېلىنغان ۋە باغاچ پەنجىرىلىك دېرىزە ئېچىلغان. تاشقىرىقى مەسچىتنىڭ تۈۋرۈك، لىم، جەگىلىرىگە نەقىش ئويۇلغان، ئالدىغا ۋادەك ئورنىتىلغان. مەسچىت پەشتىقى ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئاستى ۋاسا جۈپ، تۈز تورۇسلۇق، ئۈستى گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. پەشتاقنىڭ ئېگىزلىكى 12.5 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتقى تەرىپى بىلەن گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش چاپلانغان.

مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا مازىرى ۋە مەسچىت ياسىلىش ئۇسلۇبى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش – بېزەكلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. قەدىمىي ئىمارەت بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ھۈنەر – سەنئىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا مازىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.



ئۇيغۇر مازارلىرىدىن كۆرۈنۈش

## كۆك گۈمبەز مازىرى

كۆك گۈمبەز مازىرى كۇچا ناھىيە كونىشەھەرنىڭ 10 كىلومېتىر شىمالىدىكى ئىشخىلا يېزىسى كۆك گۈمبەز كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدىكى كۇچا ۋاڭلار قەبرىستانلىقىدۇر.

كۇچا ۋاڭلىقىنىڭ نەسەبنامىسى 1750 - يىلى مىرزا ھادى بەگ چىنۋاڭدىن باشلانغان. 1950 - يىلىغىچە بولغان تۇپتوغرا 200 يىل داۋامىدا 13 ئەۋلاد ۋاڭ ئۆتكەن بولۇپ، ئاخىرقى 13 - ئەۋلاد چىنۋاڭ داۋۇت مەقسۇت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 7 - ئەۋلاد چىنۋاڭ مىرزا ئىسھاق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 1258 - يىلى (مىلادىيە 1842 - يىلى) تۇنجى بولۇپ بۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، مىرزا ئەھمەد ۋاڭ، مىرزا ھامۇت ۋاڭ، مىرزا ماموت ۋاڭ، مەمتىمىن نائىب

ۋاڭدىن ئىبارەت بەش ئەۋلاد ۋاڭ قويۇلغان. بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا، بۇ يەردە كۆك گۈمبەز دەپ ئاتىلىدىغان بىر گۈمبەز بار ئىكەن. كۇچا ۋاڭلىرى بۇ يەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن تۆت موغا يېقىن يەرگە قاشا تام چۆرۈپ، قاشا تامنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قارا قىلغان ۋاڭلارنى بىر تەكشىلىكتە تەرتىپ بويىچە دەپنە قىلغان. قاشانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىسھاق ۋاڭنىڭ مەقبەرىسى ياسالغان. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە مىرزا ئەھمەد ۋاڭ بىلەن مىرزا مامۇت ۋاڭلارنىڭ مەقبەرىلىرى، سول تەرىپىگە مىرزا ھامۇت ۋاڭ بىلەن مەمتىمىن ۋاڭلارنىڭ مەقبەرىلىرى ياسالغان. بەش چىنۋاڭدىن تۆت كىشىنىڭ مەقبەرىسى چوڭ بىر گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان. بۇ گۈمبەز كېيىن بۇزۇلۇپ كەتكەن. بۇ مەقبەرىلەر ئىچىدە ئىسھاق ۋاڭنىڭ مەقبەرىسى كۆك كاھىش بىلەن ھەشەمەتلىك قىلىپ قاتۇرۇلغان ھەمدە مەقبەرە بېشىغا:

دەرىخا، كەتتى ئول شاھى جالالەت،
جاھان ئەھلىگە يۈزلەندى كۆپ مالامەت.

دېگەن مىسرا ۋە «ھىجرىيە 1258 ـ يىلى» (مىلادىيە 1842 — 1843 ـ يىللار) دېگەن خەت پۈتۈلگەن.

ۋاڭلار قەبرىستانلىقىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە، ئەينى زاماندا كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئۇچئۆستەڭ، بېھىشباغ قاتارلىق يېزىلىرىغا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر گۈمبەز بار ئىدى. بۇ گۈمبەزنىڭ قاچان ياسالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. بىراق، ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋاڭلار مەقبەرىسىدىن خېلىلا بۇرۇن ياسالغان بولسا كېرەك.

مەنبەلەرگە قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭ سەلتەنىتى دەۋرى (مىلادىيە 1736 — 1795) دە،

ئەينى زاماندىكى قۇمۇل ۋاڭلىرىدىن بىرىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى ئاخمالقانىنى كۇچا ۋاڭلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغانلىقى، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭى ئۇنىڭغا ئاتاپ كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، سىرتقى قىسمى كۆك رەڭلىك كاهىش بىلەن زىننەتلەنگەن بىر گۈمبەز ياساتقانلىقى مەلۇم. بۇ گۈمبەز 1970 – يىللارغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، كېيىن ۋەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزنىمۇ قالمىغان.

كۆك گۈمبەزگە كۇچانىڭ 7 – ئەۋلاد چىنۋاڭى مىرزا ئىسھاق دەپنە قىلىنىپ، ۋاڭلىق قەبرىستانلىقى بىنا قىلىنغاندىن باشلاپ مازارغا قارايدىغان شەيخلەر قويۇلۇپ، ئۇلار ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن.





مازاردىكى دەرۋىش

# ئەركەش ۋەلىيۇللا مازىرى

ئەركەش ۋەلىيۇللا مازىرى بۈگۈر ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى مازارباغ مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 150 موكېلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، 1700 – يىللىرى يەكەنلىك دىنىي زاتلاردىن ئەركەش ۋەلىيۇللا بىلەن ھەسەن ئاخۇنلار بۈگۈرگە دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن، كېيىن ۋاپات بولغاندا مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ مازار ئەركەش ۋەلىيۇللا مازىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىكەن. يېزا مۆتىۋەرلىرى ئىئانە توپلاپ ئەركەش ۋەلىيۇللا قەبرىگاھى ئەتراپىنى قاشا تام بىلەن توسۇپ، تۆت تەرەپكە بىردىن دەرۋازا بېكىتكەن، شەرقىي دەرۋازا ئۈستىگە بىر پەشتاق ياساتقان. ئۈستەڭنىڭ غەربىي

تەرىپىگە يەنە بىر مەسچىت سېلىنغان. بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، مىلادىيە 1760 - يىلى دولان ئۇيغۇرلىرى بوگۇرگە كۆچۈپ كەلگەندىن تارتىپ بۇ يەر قەبرىستانلىققا تاللىنىپ، 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ناھىيە بازىرى بويىچە چوڭ قەبرىستانلىققا ئايلانغان.

ئەركەش ۋەلىيۇللا مازىرى بوگۇر بويىچە داڭلىق مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلگىرى ھەر يىلى 5 - ئايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئايماق بايرىمى ۋە باشقا ھېيت - ئايەملەردە، كىشىلەر گۆش، ياغ، ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇ مازارغا ئەكېلىپ، ئالدى بىلەن خالىس نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى، ئاندىن ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ۋە سەنئەت مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. ئەركەش ۋەلىيۇللا مازىرى 1955 - يىلى بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا گۇمبەز قاتارلىق قۇرۇلۇشلار بۇزۇۋېتىلگەندىن كېيىن 1979- ۋە 1982 - يىللىرى ئىككى قېتىم رېمونت قىلىنغان.





# قاراچاچ مازىرى

مازارغا دۇئا قىلىۋاتقان ئايال

قاراچاچ مازىرى بوگۇر ناھىيە بېگىسار يېزىسىنىڭ ئالتە كىلومېتىر شەرقىدىكى سازلىقتا جايلاشقان بولۇپ، بىر قەبرىگاھ ۋە ئىككى بۇلاقتىن تەركىب تاپقان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى بىر مو. ئۇ يەردە بىرقانچە تۈپ قەدىمىي توغراق بار. بۇلاق تاشتىن قوپۇرۇلغان تام بىلەن قاشالانغان. بۇلاق سۈيىنى بويلاپ ئىككى قاتار يۇلغۇن ئۆسكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن بىرقانچە يۈز يىللار ئىلگىرى، بېكەشخان ئىسىملىك بىر ئايال ھەج ـ تاۋاپ قىلىش سەپىرىدە كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر چېكىپ مۇشۇ بۇلاققا كەلگەندە، سەكرەپ چۈشۈپ پەرىشتىگە ئايلانغانمىش. كىشىلەر بۇلاق سۈيىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۇنىڭ قاپقارا چېچىنىڭ لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنمىش، شۇڭا بۇ «قاراچاچ مازار» دەپ ئاتالغانىكەن. ئاياللار بۇلاق سۈيىدە چاچ يۇسا، چاچ قارا ھەم ئۇزۇن ئۆسىدۇ دەپ قاراپ، مازارغا

تاۋاپ قىلغىلى كېلىپ، چېچىنى يۇيۇپ كېتىدىغان بولغان.

قاراچاچ مازىرى توغرىسىدىكى يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بېكەشخان يېغىسار قەبىلىسىنىڭ ساي مەھەللە دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان ساھىبجامال قىز بولۇپ، چاچلىرى قاپقارا ھەم ئۇزۇن ئىكەن. ئۇ بويىغا يەتكەندىن كېيىن باش كۆيۈكتىكى قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلى بوز يىگىتكە ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بولۇپتۇ. بۇ يەردىن يىراق بولغان شەرقتىكى چېدىر قەبىلىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئوغلىمۇ بېكەشخاننى ئەمرىگە ئېلىش نىيىتى بار ئىكەن. بېكەشخان بىلەن بوز يىگىت توي قىلىش ئالدىدا چېدىر قەبىلىسىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 40 يىگىت بىلەن يەتتە قىزنى بۇ ئىككى جاينىڭ چېگرىسىغا قاراۋۇللۇققا ئەۋەتىپتۇ. شۇ كېچىسى چېدىر قەبىلىسىدىكىلەر ئاتلىرىنىڭ تۇيىقىنى كىگىز بىلەن يۆگەپ، يېغىسار قاراۋۇلخانىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 40 يىگىت بىلەن يەتتە قىزنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئەتىسى توي سورۇنىنى قورشىۋېلىپ، بوز يىگىتنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈپتۇ ھەمدە بېكەشخاننى چېدىرغا ياتلىق بولۇشقا قىستاپتۇ. بېكەشخان چەكسىز قايغۇ — ھەسرەت بىلەن ياش تۆكۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆز يېشىدىن تېگىگە كۆز يەتمەيدىغان ئىككى چوڭقۇر بۇلاق ھاسىل بولۇپتۇ. بېكەشخان شۇ بۇلاققا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. ھازىر بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى خېلىلا ئازلاپ كېتىپتۇ.



مازاردا كېسەلگە دېمىدە قىلىۋاتقان شەيخ

# چاچى مازىرىم

چاچى مازىرىم ـــ كورلا شەھەر تېكىچى يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمال تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، 700 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مازار.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مىلادىيە 1450 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئەرەب دۆلەتلىرىدىن كەلگەن يەتتە ئاتامنىڭ بىرى بولغان ئىسمائىل ئاتامنىڭ بۇ جايغا دەپنە قىلىنىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن مازار ئىكەن. 1450 ـ يىلىدىن كېيىن تۇرپانلىق خوجا ئىسھاق ۋەلى ئەۋلىيا دېگەن كىشى بۇ مازارغا كېلىپ يەتتە ئاتامنىڭ قايسى جايدا، قايسى قەبرىدە ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئۇقتۇرغان ھەمدە مازارغا «ئىسمائىل ئاتام مازىرى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن، كورلا مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپلەپ دەپنە قىلىنىشى بىلەن قەبرىستانلىق 80 نەچچە موغا كېڭەيگەن ھەم نامى چىقىشقا باشلىغان. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھەر يىلدا بىرنەچچە قېتىم چوڭ نەزىر ـ چىراغ (زارا خەتمە) قىلىنىپ، دۇئا ـ تەكبىر، تىلاۋەت ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان بولغان.

خوجا ئىسهاق ۋەلى ئەۋلىيا ئۇقتۇرغان يەتتە ئاتاملار:

1. چاچى مازىرىمدىكى ئىسمائىل ئاتام؛ 2. كۆنچى مازىرىمدىكى رەببانە ئاتام؛ 3. دەڭزىل مازىرىمدىكى قىلىچ تەكبىر ئاتام؛ 4. لەڭگەر مازىرىمدىكى ھەببۇللا ئاتام؛ 5. ئاۋات مازىرىمدىكى ھەل ئاتام؛ 6. چەرچى مازىرىمدىكى كۆك تونلۇق ئاتام؛ 7. چوقا يوستاندىكى يېشىل تۇغلۇق ياچى ئاتام.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەتتە ئاتاملاردىن ئىسمائىل ئاتام بىلەن رەببانە ئاتاملار بىرلا ۋاقىتتا مۇشۇ چاچى مازار قەبرىستانلىقىغا زىيارەتكە كەلگەنىكەن، قەبرىستانلىققا يېقىن جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئىككىسىنى قارشى ئېلىپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چاي ئېلىپ چىققان. ئىسمائىل ئاتام بىلەن رەببانە ئاتام بىرلىكتە چاي ئىچىشكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ مازارنىڭ نامى «چاي ئىچتى مازىرىم» دەپ ئاتالغانىكەن. ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر بۇ نامنى قىسقارتىپ «چاچى مازىرىم» دەپ ئاتىغان. ھازىرمۇ چاچى مازىرىم دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

چاچى مازىرىم ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. غەرب تەرىپىگە مەسچىت جايلاشقان بولۇپ، بەش ۋاخ نامازدىن باشقا، بەزىدە جۈمە نامىزىمۇ ئوقۇلۇپ كەلگەن؛ شەرق تەرىپىگە قەبرىگاھ جايلاشقان؛ ئوتتۇرىسىغا تىلاۋەتخانا، تۈنەكخانا جايلاشقان ۋە 500 جىڭ گۈرۈچ پاتىدىغان سەككىز قۇلاقلىق چوڭ داش قازان ئورنىتىلغان. بۇلاردىن باشقا، چايخانا ۋە ئاشخانىلار جايلاشقان، قەبرىستانلىقنىڭ ھازىرقى يەر كۆلىمى 40 مو ئەتراپىدا. بۇ مازار 10 يىللىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قالايمىقانچىلىقىدا زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.



# كۆنچى مازىرىم

كۆنچى مازىرىم كورلا شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى پۇخۇي يېزىسى تەۋەلىكىدە بولۇپ، كورلا پۇخۇي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىككى كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان. مازارغا بىر كىلومېتىر قالغۇچە بولغان ئارىلىق ئاساسەن چوڭ — كىچىك دوڭلۇكلەردىن تەشكىل تاپقان چۆللۈك. مازار ئەتراپىدا يەرلىكلەرنىڭ قەبرىلىرى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇن ئەرەب تەرەپتىن ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن رەببانە ئاتام باشلىق يەتتە ئاتام (رەببانە ئاتام، ئىسمائىل ئاتام، ھەببۇللا ئاتام، ھەل ئاتام، كۆك تونلۇق ئاتام، قىلىچ تەكبىر ئاتام، توغلۇق ياچى ئاتام) كورلىغا كېلىپ خىزمەت تەقسىملەشكەن. رەببانە ئاتام كۆنچى مازىرىمغا، ئىسمائىل ئاتام چاچى مازىرىمغا، قالغانلار ھەر تەرەپكە تارقالغان. رەببانە ئاتام مۇشۇ كۆنچى مازىرىمدا

ۋاپات بولۇپ، جەسەتى مۇشۇ مازارغا قويۇلغان، شۇڭا كىشىلەر بۇ مازارنى رەببانە ئاتام ياكى رابىيە ئاتام مازىرى دەپمۇ ئاتايدۇ. مازار گەۋدىسى خام كېسەكتىن ياسىلىپ هاك بىلەن ئاقارتىلغان، ئاستى چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئۈستىگە گۈمبەزسىمان شەكىل چىقىرىلغان. مازارغا تىكلەنگەن خادىنىڭ ئېگىزلىكى 17 — 18 مېتىر كېلىدۇ. ئۈستىگە لاتا-پۇرۇچلار ۋە توغ — ئەلەملەر قادالغان. بەنە قان قىلىنغان قوچقار ۋە توخۇلارنىڭ باشلىرى ۋە مۈڭگۈزلىرىمۇ ئېسىپ قويۇلغان. مازارنىڭ يېنىدا يەرنى كولاپ، يېرىمى يەر ئاستىدا، يېرىمى يەر ئۈستىگە چىقىرىلغان ئۈچ ئېغىزلىق تاۋاپ ئۆيى بار. ئۆي ئىچىدە ئوچاق، قازان، چىراغ يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاچا قاتارلىق نەرسىلەر بار. بۇ ئۆيدىن 10 مېتىرچە نېرىدا، بىر كونا باسما قۇدۇق بار. قۇدۇقتىن تۈزلۈك سۇ چىقىدۇ. بۇ يەردە يەنە يەتتە قىز توغرۇلۇق مۇنداق رىۋايەت تارقالغان: يەتتە قىز كۇپپارلار كەلگەندە نان يېقىۋاتقان يېرىدىن ئۆزىنى تونۇرغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان. هازىرمۇ تونۇرنىڭ ئورنى بار. ئاياللار تونۇر بېشىغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدۇ، تۇۋا قىلىدۇ. بۇ قىزلار تونۇرغا سەكرىگەندە تېشى چۆل، ئىچى بوستان بولسۇن، دەپ سەكرىگەن. شۇڭا بۇ يەرلەر چۆللۈككە ئايلانغانمىش.

رەببانە ئاتام مازىرى كورلا تەۋەسىدە تەسىرى بىرقەدەر چوڭ مازار بولۇپ، بۇرۇن بۇ مازارغا تونەك مەزگىلىدە نۇرغۇن ئادەم كېلىدىكەن. هازىرمۇ ئاغرىق ۋە پالەچ كېسەللىكى بارلار كۆپ كېلىدۇ. بۇ مازار قەدىمكى يىپەك يولى ئۈستىدە بولۇپ، بۇ يەردىن بوگۇر، لوپنۇر، كۇچاغىچە بارغىلى بولىدۇ.



# تاھىر - زۆھرە قەبرىسى

تاھىر - زۆھرە قەبرىسى كورلا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى باشئەگىم تېغىدا بولۇپ، قەبرە ئېگىز تاغ ئۈستىگە جايلاشقان، يولى تىك ۋە خەتەرلىك. بۇ جاي «قالغا مازىرىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھازىر تاھىر - زۆھرە ياشىغان ماكان، زامان ۋە تاھىر-زۆھرە قەبرىسى توغرىسىدا بىرەر يازما ماتېرىيال يوق. ئەمما ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تا ھازىرغىچە ئېغىزدىن — ئېغىزغا كۆچۈپ

كېلىشۋاتقان رىۋايەتلەر ۋە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ھەر خىل ئەسەرلەردە تاھىر بىلەن زۆھرە ياشىغان ماكاننى كورلا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان باشئەگىم ئېتىكى ۋە قايدۇ دەرياسى (قاراشەھەر دەرياسى)نىڭ باشئەگىم ئېقىنى (كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) بويىدىكى قەدىمىي جايلار دەپ قاراپ كەلمەكتە. بۇ جايلار قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ، گۈزەل مەنزىرىسى ۋە تاھىر - زۆھرە توغرىسىدىكى تەسىرلىك رىۋايەتلىرى بىلەن ئەتراپقا مەشھۇر بولغان.

يەرلىك رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، تاھىر قاراشەھەر پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئوغلى، زۆھرە قاراشەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پاك مۇھەببىتى يولىدا كۈرەش قىلىپ، مۇراد — مەقسىتىگە يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. بۇ جايدىكى باغ تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ خاس بېغى ئىكەن. «مەلىكە چوققىسى»دەپ ئاتىلىدىغان خادا تاش تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ قەبرىسى ئىكەن، شۇڭا بۇ جاي ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلۇغلىنىپ، تاۋاپ ۋە سەيلە — ساياھەت قىلىدىغان مەشھۇر جاي بولۇپ كەلگەن. ئىلگىرى بۇ جايدا بىر گۈمبەزلىك قەبرە ۋە شەيخلەر بولغان.

كورلىنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھۆكۈمەت ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەبلىغى بىلەن باشئەگىم تېغىدا «تاھىر — زۆھرە»نىڭ قەبرىسى قايتىدىن ياسالدى، «تاھىر — زۆھرە»نىڭ ئات ئۈستىدىكى ھەيكىلى ئورنىتىلدى ۋە قەبرىگە چىقىدىغان ئېگىز تاغقا تاش پەلەمپەي ياسالدى. ھازىر بۇ جاي كورلىنىڭ مۇھىم سەيلە — ساياھەت نۇقتىسىغا ئايلاندى.



# تۇيۇق خوجام مازىرى

تۇيۇق خوجام پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزىسى تۇيۇق مەھەللىسىنىڭ ئالدىدىكى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتە «ئەسھابۇلكەھف» مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇيۇق مازىرى جايلاشقان تاغدىكى غارلاردا تۇرپان بۇددىستلىرىنىڭ 4 — 7 - ئەسىر ئارىلىقىدا بىنا قىلغان تاشكېمىر تەسۋىرىي سەنئەت خەزىنىلىرى ساقلانغانىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنىڭغا «ئەسھابۇلكەھف» نامىدا سىرلىق ئىسلام يېپىنچىسىنى كىيدۈرگەن. بۇ خىل نام ھازىر دۇنيادىكى 10 دىن ئارتۇق جايدا تەكرارلىنىپ كەلمەكتە، غار ئىچىدە ئۇخلاۋاتقانلار يەتتە ئەۋلىيا (رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، غارنىڭ ئىچىدە ئۇخلاۋاتقانلار ئالتە ئادەم، بىر ئىت بولۇپ،

بۇلار يەملەيخا، يەكسەلمەينا، ياۋايۇ يۇنۇس، ئازارپەت يۇنۇس، كەشپۇتەت يۇنۇس، كەلبىھۇم ۋە قىتمىر دېيىلىدىغان بىر ئىت ئىكەن) دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

40 - يىللاردا تۇيۇقتا ئوقۇتقۇچى بولغان ئىسمايىل رەجەپ ئاكا تۇيۇقتىكى ئەسھابۇلكەھف مازىرى توغرۇلۇق تۆۋەندىكى رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن: يەمەندىن بەش كىشى (يەملەيخا، مەكسەلمەينا، مەرنۇش، زەبەرنۇش، شادىنۇش قاتارلىقلار) ھەقىقەتنى، ھەقىقىي خۇدانى ئىزدەپ سان - ساناقسىز يۇرتلارنى كېزىپ، يالقۇنتاغ دىيارىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا بۇ يەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى دەقيانۇس ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كارامىتىنىڭ بارلىقىغا كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاخشىمى باشقىلار بىلەن قىمار ئوينىغاندا بىر دانە قارا چىراغنى ياندۇرۇپ، ئۇنى مۈشۈكنىڭ بېشىغا قويۇپ قويىدىكەن. بۇ مۈشۈك قىمار تۈگىگۈچە قىمىر قىلماي، چىراغنى بېشىدىن چۈشۈرۈۋەتمەي جىم ئولتۇرىدىكەن. كىشىلەر بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، پادىشاھ دەقيانۇسنى «خۇدا» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپتۇ. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان بۇ بەش كىشى بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن، پادىشاھ دەقيانۇس ھۇزۇرىغا زىيارەتكە بارماقچى بولۇپتۇ. دەقيانۇس ئۇلارنى ئاخشىمى قوبۇل قىپتۇ. مېھمان بىلەن ساھىبخان ئوتتۇرىسىدا كۈتۈش، ھال - ئەھۋال سوراش رەسمىيەتلىرى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئادەتتىكىدەك قىمار باشلىنىپتۇ. بۇ كىشىلەر قارىسا، ھەقىقەتەن مۈشۈكنىڭ بېشىغا قويۇلغان بىر دانە قارا چىراغ ئىچىدە پىلىك يېغى بىلەن پارقىراپ يېنىپ تۇرغۇدەك. مۈشۈك مىدىر - سىدىر قىلماي، ياغنى تۆكۈۋەتمەي جىم ئولتۇرغۇدەك. بۇ كىشىلەرمۇ بۇ ئىشقا ھەيران قاپتۇ. لېكىن، ئۇلار بۇ يەرگە كەلگۈچە ئالدىن ئېلىۋالغان بىر دانە

چاشقاننى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يەڭ ئىچىدىن چىقىرىپ قويۇپ بېرىپتۇ. مۇشۇك چاشقاننى كۆرۈش بىلەن بېشىدىكى چىراغنى يىقىتىپ چۈشۈرۈپ، چاشقاننى قوغلاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەقيانۇسنىڭ يالغان خۇدالىق سىرى پاش بولۇپ قاپتۇ. دەقيانۇس بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنى دەرھال تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. مۇنداق بولۇشىنى ئالدىن سەزگەن بۇ كىشىلەر دەرھال شەرقىي شىمالغا قاراپ قېچىپ كېتىپتۇ. يولدا ئۇلارغا يول باشلايدىغان بولۇپ، دەقيانۇسنىڭ قويچىسى كەشپۇتەت قوشۇلۇپتۇ. قويچىنىڭ ئىتى قىتمىرمۇ ئەگىشىپ ماڭغانىكەن، قويچى ئۇنى ھەرقانچە قوغلىسىمۇ ئەگىشىپ كېلىۋېرگەنلىكتىن، ئۇرۇپ پۇتىنى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئىتنىڭ يەنىلا توكۇرلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يەمەنلىكلەر ئىتنىڭ ئىگىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ئىتنى كۆتۈرۈپ مېڭىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر ھازا مېڭىپ، 50 — 60 يول يىراقلىقتىكى تۈيۈق ئېغىزىغا يېتىپ كېلىپ، غارغا كىرىپ سۇقۇنۇپتۇ. دەقيانۇسنىڭ ئادەملىرى ھەممە يەرنى ئىزدەپ تاپالماي، ئاخىر غارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قارىسا، غارنىڭ ئاغزىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەن، ئۇلار بۇ يەرگە كىرمەپتۇ، دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ كىشىلەر دەقيانۇسنىڭ ئادەملىرىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ، ئاندىن ئۇلار غاردىن چىقماستىن ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئازمۇ، كۆپمۇ، ئىشقىلىپ بىر مەزگىل ئۇخلىغاندىن كېيىن ئويغىنىپ، قورساقلىرى ئاچقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. مەسلىھەتلىشىپ ئىككى كىشىنى تاشقىرىغا يېمەكلىك سېتىۋېلىشقا ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئىككى كىشى غاردىن چىقىپ، غار ئالدىدىن ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپ، يۈز-قوللىرىنى يۇيۇپ

بولۇپ، ئەتراپتىكى كىشىلەردىن يىمەكلىك سېتىۋالماقچى بولۇپ، بىرنەچچە تەڭگىنى چىقىرىپ ئۇلارغا سۇنۇپتۇ. كىشىلەر بۇ تەڭگىلەرنى كۆرۈپ، بۇ 300 نەچچە يىل بۇرۇنقى پادىشاھ دەقيانۇس زامانىسىدىكى تەڭگىلەر ئىكەن، پادىشاھ دەقيانۇس ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى دېيىشىپتۇ، بۇ كىشىلەر «بىز بۇ غاردا بىر كېچە - كۈندۈز ئۇخلىغاندەك قىلىۋىدۇق» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكىلەر بۇ غاردىكى كىشىلەر ئۇلۇغلار ئىكەن، دەپ غارنى مازار قىلىپ، «ئەسھابۇلكەھف» مازىرى، يەنى «غار كىشىلىرى» مازىرى دەپ ئاتاپتۇ.

تويۇق غارىنىڭ قۇرئاندا ئېيتىلغان «ئەسھابۇلكەھف» غارى ئەمەسلىكىنى ئەينى زامانلاردىلا موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە پاكىتلار ئارقىلىق رەت قىلغانىدى.

تويۇق خوجامدىكى قەبرىلەر ئىچىدە بۇددا دىنى دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەر بار. تويۇق خوجامغا چىقىدىغان پەلەمپەيدە بىر چاسا تاش بار. ئۇ ئەينى دەۋردە بۇددا تۈۋرۈكىنى تىكلىگەندە ئۇلىغا قويغان تاش. ئۇنىڭ چۆرىسىدە نېلۇپەر گۈل نۇسخىسى ئويۇلغان. شەيخلەر بۇ گۈل نۇسخىسىنى تاۋاپقا كەلگەنلەرگە «ئاللا، ئاللا» دېگەن گەپ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. تويۇق خوجامنىڭ ئورنىدا ئەسلىدە بۇددا دىنىنىڭ چوڭ ئىبادەتخانىسى بولغان. 1984 - يىلى تۇرپان مۇزېيىنىڭ باشلىقى مەرھۇم مەمەت ھاجى بىلەن ئابلىم ئەپەندى تويۇق خوجام ئەتراپىدا قېزىش ئېلىپ بارغاندا، تويۇق خوجامنىڭ پەسرەك تەرىپىدىكى شەيخلەر ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئېرىقنىڭ يېنىدىن قازغان ئىككى قەبرىدىن بۇددا دەۋرىگە ئائىت ساپال جەسەت ساندۇقى چىققان. بۇ شۇ چاغدىكى راھىبلارنىڭ قەبرىسى بولۇشى

مۇمكىن.

تۆيۈق خوجام مازىرى جامە (چوڭ مەسچىت)، غار (كەھف)، گۈمبەز، ئىتىكاپخانا ۋە قەبرىستانلىق قاتارلىق بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 12000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئەسلىدە جامە تۆيۈق ئالدى مەسچىت ياكى مەدرىسە دەپمۇ ئاتىلاتتى. جامە جىرانىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ھازىر بۇ جامە مەۋجۇت ئەمەس. غار بىلەن گۈمبەز تەخمىنەن 30 — 40 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان، پۈتۈنلەي خىش قۇرۇلمىلىق، ئۈستى يېشىل، مازارنىڭ چوققىسىغا ھىلال ئاي بەلگىسى ئورنىتىلغان، مازارنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئاق، قىزىل، يېشىل رەختلەردىن تىكىلگەن تۇغ قادالغان خادا بار ئىدى. گۈمبەزنىڭ ئاستىغا خىش ياتقۇزۇلۇپ، گىلەم سېلىنغان. گۈمبەز ئىچىدە «غەللە ساندۇقى» ئورنىتىلغان، ئۇدۇلىدا بىر غار بار. غارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مازار چاسا شەكىلدە سېلىنغان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 60 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى تام ئۈستىگە گۈمبەز ئورنىتىلغان، تورۇسلىرىغا خىلمۇخىل نەقىشلەر ئىشلەنگەن. مازارنىڭ ئىچىدىكى تام، تورۇسلارغا قىزىل، ئاق، يېشىل، قارا، كۆك يىپەك رەخت لەۋھەلەر ئېسىلغان بولۇپ، بۇ لەۋھەلەردە ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىلغان يادنامىلەر بار ئىدى.

دېمەك، مازارنىڭ قۇرۇلۇشى ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك ئىدى. موللا مۇسا سايرامى (مىلادىيە 1836 — 1917-يىللىرى) ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ۋە «دەريايان ئەسھابۇلكەھف» ناملىق ئەسەرلىرىدە زىكرى قىلىشىچە، ئەسھابۇلكەھف ئورۇنلاشقان جاي ئېگىز تاغ بولۇپ، بۇ جايغا نەچچە شوتا بويى پەلەمپەي بىلەن چىقىدۇ. تاغنىڭ ئۈستىدە

بىرقانچە ھۇجرا، كايۋان، راۋاقچە، مەسچىت، مىھراب ، مۇنبەر ۋە باشقا ئۆيلەر بار. . . بۇ مازارنىڭ شەيخ ، جارۇپكەشلىرىمۇ 300 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق، بۇرۇن مۇسۇلمان خانلار، ئەمىرلەرمۇ بىرمۇنچە ۋەخپە — ئەۋقاپلارنى بەرگەندى.

تۆيۈق خوجام مازىرىنىڭ قاچان بىنا قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق. بەزى مەنبەلەردە 14 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ ئوغلى خىزىر خوجا زامانىدىن (مىلادىيە 1389—1403– يىللىرى) تارتىپ مازار سۈپىتىدە بەرپا قىلىنىپ تاۋاپگاھقا ئايلانغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، 18 – ئەسىرنىڭ باشلىرى لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجا زامانىدا تۆيۈق مازىرى بىنا قىلىنغان. ئىمىن خوجا تۆيۈق يېزا مازار ئالدى مەھەللىسىنىڭ «قونجا» دېگەن يېرىدىكى 300 تۈپ تەكىنى مازارنىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن ۋەخپە قىلىپ بەرگەن. مازارغا قاراشقا بىر مۇتەۋەللى، 2 – 3 شەيخ، بىر چىراغچى، بىر جارۇپكەش، بىر بوكەل (قازان بېشىنى باشقۇرغۇچى)، بىر ھوشۇرچى (كىرىم – چىقىمىنى باشقۇرغۇچى) قاتارلىق مەخسۇس خادىملارنى بېكىتىپ بەرگەن. ھەر يىلى بىر قېتىم ئات، كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ نەزىر – چىراغ قىلىش، مازارغا ئۆچۈرمەي چىراغ يېقىپ تۇرۇش، جۈمە نامىزىنى تۆيۈق مەدرىسى (جامە)دە ئوقۇش، مازارغا تاۋاپقا كەلگەنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، مازاردا ئىستىقامەت قىلىپ ياتقان سوپى – زاھىتلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ، ھەتتا ئىچكى ئۆلكە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كىشىلەر كېلىپ

بۇ مازارنى ئاۋات قىلغان. دېمەك، مازار خېلى ئۇزاق
زامانلاردىن بېرى ئۆزىنىڭ شېھرىي كۈچى بىلەن يىراق ـ
يېقىندىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلگەن. ھەر
يىلى 5 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ
قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يىلدا
10 مىڭ ئادەم كېلەتتى. شەيخلەر مازارغا قۇم ئەكېلىپ
تۆكۈپ قويغان بولۇپ، پۇت، قولى ئاغرىيدىغانلار بۇ يەردە
قۇمغا چۆشىدىكەن. شەيخلەر يەنە ھاسىسى بىلەن
ھاجەتمەنلەرنى سىيرىپ ـ ئۇۋۇلاپ قويىدىكەن. 50 ـ
يىللاردىن بۇرۇن بۇ يەردە خۇراپىي ئادەتلەر تېخىمۇ كۆپ
ئىدى، ئۇ چاغلاردا بۇ مازارغا تاۋاپقا كەلگەن كىشىلەر
تاغدىن دومىلاپ چۈشكەن قىزىل تاشلارنى ئېزىپ، ئۇنى
«تۇتىيا توپا، 72 كېسەلگە داۋا» دەپ ئېلىپ كېتەتتى.
ئەينى چاغلاردا يەنە مازار يېنىدىكى ئۈجمە شېخىدىن
ياسالغان ھاسىلارنى (مازار يېنىغا تىككەن ئۈجمە كۆچىتى
ئىككى يىللىق بولغاندا ئۇنىڭ شاخلىرىنى بوغۇپ قويسا،
ھەربىر شېخى گۈل چىقىرىپ بوغۇملاپ ئۆسەتتى. ئۇنى
كېسىپ ئېلىپ قوقاسقا كۆمۈپ، تۇز سۈيىگە ئۇزۇنراق
چىلاپ، ئاپتاپقا سالسا، قىپقىزىل ھەم ئېغىر بولۇپ
قۇراتتى، ئاندىن ئۇنى ھاسا قىلىپ ياسىشاتتى) تاۋاپقا
كەلگەن كىشىلەرگە قىممەت باھادا ساتىدىغانلار بولغان.
«كىتاب تارىخ جەرىدەئى جەدىدە»دە، ئەينى چاغدىكى
خۇراپىي ئادەتلەر مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بىر كىشى
ئۆلارنىڭ ئىسمىنى ئاغزىغا ئېلىپ بىرەر ھاجەتلىرىنى
تىلىسە، تىلىكى ھاسىل بولۇر. بىرنەرسىدىن خەۋپ سەزسە
قۇتۇلار، ئوت يانغاندا بىرەر چۆپرەككە ئۆلارنىڭ
ئىسمىلىرىدىن يازىپ يانغىنغا تاشلىسا ئوت ئۆچەر. قەغەزگە
يازىپ بۆشۈكتىكى يىغلاڭغۇ بالىنىڭ ياستۇقى ئاستىغا قويسا

يىغلىماس، ئېكىنگە خەۋپ بولغاندا قەغەزگە يازىپ ياغاچقا بەيلەپ ئېكىن ئۈنى ئورتاسىغا قادىلار، شەقىقى باش ئاغرىسا باشقا بەيلىلەر، پادىشاھلارغا بولۇققاندا ئوڭ تەرەپكە، بالا تۇغۇش ئۈچۈن تولغاق تۇتقاندا سول تەرەپكە بەيلىلەر. مال ـ دۇنيانى ساقلاش ئۈچۈن، ئىزۇلۇمدىن قۇتۇلۇش، دېڭىزدا سالامەتلىك ئۈچۈن بۇ زاتلارنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ تۇمار قىلىپ ياندا ساقلار.»

تاۋاپچىلار ئىچىدە گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مۇسۇلمانلارمۇ بار. كىشىلەر بۇ مازارغا ھەج تاۋاپ، زىيارەت ئۈچۈن كېلىپ، شەيخلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئاق رەختكە ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم شەرىپىنى ۋە يۇرتىنى يېزىپ خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇشقان.

تۇيۇق خوجام مازىرى 60 ـ يىللاردا، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن، جامە مەسچىتىمۇ ۋەيران بولغان، پەقەت ئەسلىدە مازار ئىچىگە ئېلىنغان غارنىڭ ئاغزى بىلەن ئەتراپىدىكى قەبرىستانلىقلا ساقلىنىپ قالغان. يېڭى سېلىنغان گۈمبەزنىڭ شەرقىدىكى ئىشىك بىلەن غارغا كىرگىلى بولىدۇ. بۇ غار زال بىلەن بىر تۇتاش بولۇپ، غار ئىشىكىدىن كىرىپ ئىككى ـ ئۈچ مېتىرلىق كاردىوردىن ئېڭىشىپ ئۆتكەندىن كېيىن توغرىسى ئالتە ئادەم پاتقۇدەك، كەڭلىكى بىر مېتىردىن ئارتۇقراق چوڭلۇقتىكى غار ئىچىگە كىرىمىز. بۇ يەردە شەيخ چىراغ يېقىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ بېرىدۇ. تولا چىراغ يېقىلغاچقا غار تاملىرى قاپقارا ئىسلىشىپ كەتكەن. ئەينى چاغدا ئاپاق خوجا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان جايغا بىر گۈمبەز سېلىنغان. بۇ گۈمبەز غارنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئويمانلىقتا بولۇپ، ھېلىمۇ ساقلانماقتا.

تۇيۇق خوجام مازىرى ئەتراپى ئاممىۋى قەبرىستانلىق

بولۇپ، بۇ يەرگە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ مازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ۋاپات بولغان كىشىلەر دەپنە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغ شائىر ئەھمەد باقى خوجامنىياز قىسسۇرى، قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن بەگ ۋە ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇننىڭ قەبرىگاھىمۇ بار. مازىرنىڭ شەرقىدىكى غول ئىچىگە جايلاشقان ئىككى قەۋەتلىك جامە بىرقەدەر ھەيۋەتلىك بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا سېلىنغان.

تۇيۇق خوجام مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلدى ھەمدە سىرتقا ئېچىۋېتىلدى.





# سەيدىنخان خوجام مازىرى

بۇ مازار تۇرپان شەھىرى سەيدىنخان كەنتىدە بولۇپ، ئۈرۈمچى – تۇرپان – توقسۇن چوڭ تاشيولىدىن 500 مېتىرچە يىراقلىقتىكى مەھەللە ئىچىگە جايلاشقان، ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 100 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا. مازارنىڭ تولۇق ئىسمى سەئىد دېھقان مازىرى بولۇپ، دېھقانچىلىق پىرى دەپ قارىلىپ كەلگەن. ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن بۇرۇن ۋە كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن، كىشىلەر مۇشۇ مازارنى تاۋاپ قىلىشاتتى. مازارنىڭ كەينى يان تەرىپىدە ئانچە ئېگىز بولمىغان تاغ بار. مازار شەكلى يەرلىكلەرنىڭ قورۇ تۈزۈلۈشىگە ئوخشايدۇ. قورۇنىڭ سىرتىدا ئوڭ تەرەپتە سۇپا ۋە سۇپىغا بانداش سېلىنغان شەيخنىڭ ئۆيى بار. سول تەرەپتىمۇ بىر ئېگىز ئۆي بار، ئىككى ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى تار

بولىدىن ئالتە ـ يەتتە مېتىر ئىچكىرىدە يەتتە ـ سەككىز بالداقلىق پەلەمپەي بىلەن 10 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق بىر كىچىك هويلىغا چىقىمىز. بۇ يەردىن ئالدى بىلەن دالان ئۆيگە كىرىمىز. بۇ ئۆي پائالىيەت ئۆيى بولۇپ، تام ئويۇقلىرىدا قارا چىراغلىرى بار. دالان ئۆيىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئىشىكتىن كىرسەك، بىر كىچىك كارىدور بار، كارىدورنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىدە بىر ئېغىزدىن 30 نەچچە كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا ئۆي بار. ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا سەيدىخان خوجامنىڭ قەبرىسى بار. شەيخنىڭ ئېيتىشىچە، سول تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەبرە سەيدىخان خوجامنىڭ ئايالىنىڭ قەبرىسى ئىكەن (بەزى رىۋايەتلەردە سەيدىخان خوجامنىڭ ئىنىسى دېيىلىدۇ). هەر ئىككى تەرەپتىكى ئۆيدىكى قەبرىلەرگە يوپۇقلار يېپىلغان بولۇپ، يەنە ئىبادەت قىلىشقا ئىشلىتىدىغان چىراغ ۋە پاختىلار بار. مازار جايلاشقان ئورۇن بىر ئاز ئېگىز بولۇپ، مازارلىقنىڭ تۆۋىنىدىكى جايلار بوك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان. دەرەخلىك ئوتتۇرىسىدا بۇلدۇقلاپ ئۇرغان ئىككى بۇلاق بار. بۇلاق بېشىدىكى دەرەخلەرگە هەر خىل رەڭدىكى پۇرۇچلار چىگىلگەن. بۇلاق سۈيى سۈس كۆك رەڭدە كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر بۇلاق سۈيىنى خوجام دەپىنە قىلىنغان يەرنىڭ تەكتىدىن چىققان دەيدۇ. كۆكسى ئاغرىپ قالغان ئاياللار ئەنە شۇ بۇلاق سۈيى بىلەن يۇيىدۇ. بۇ يەرگە ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن باشقا خۇيزۇ ئاياللىرىمۇ كېلىدۇ. بۇرۇن بۇ يەردە يەنە نورۇز بايرىمىمۇ ئۆتكۈزۈلەتتى. مازارنىڭ شەيخلىرى خېلىلا ياشىنىپ قالغان، ئەر ـ ئايال هەر ئىككى شەيخنىڭ پۇتى ئاجىز. هازىر ئۇلارنىڭ 20 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى نەۋرىسى شەيخلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ مازارغا روهىي كېسەللەرمۇ، بالا تەلەپ قىلىدىغانلارمۇ، كۆز ـ قۇلىقى

ئاغرىپ قالغانلارمۇ كېلىدۇ. يەنە بۇۋىملەر تەلەپ نەزىر
قىلغىلى كېلىدۇ. بۇنىڭدا بىرەر بۇۋىم: «مەن پالانى كۈنى
مازاردا تەلەپ نەزىر قىلىمەن» دەپ جاكارلاپ قويىدۇ.
نەزىرگە كېلىدىغانلارنىڭ ھەربىرى ئازراق ئۇن، ياغ، گۈرۈچ
پاكى نان قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ ئوپچە تاماق
قىلىپ يېيىشىدۇ، ئاندىن دالاندىكى ئۆيدە خەتمە ئوقۇپ،
ھەلقە قىلىدۇ. بۇرۇن تەلەپ نەزىر قىلىدىغانلار كۆپ ئىدى،
ھازىر ئازلاپ كەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سەيدىخان
خوجامنىڭ ئەسلىي ئىسمى سەئىد دېھقان ئىكەن. قەدىمكى
زاماندا تۇرپاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېدىرلىق ئىچىدە
تۇرغۇنلىغان كىچىك بۇلاقلار بار بولۇپ، بۇ يەرگە ئۇزاق
يىللارغىچە ئادەم ئاياغ باسمىغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە
ئانچە يىراق بولمىغان بىر مەھەللىدە ياشايدىغان سەئىد
ئىسىملىك دېھقان بۇ ئېدىرلىقتا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يەردە
تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى پەملەپتۇ ــ دە، ئۆيىگە
قايتىپ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى، ئوزۇق ــ تۈلۈكىنى
يېتەرلىك ئەكېلىپ، بوز يەر ئېچىپ يەر تېرىشقا باشلاپتۇ. ئۇ
بۇلاقلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئېرىقلارنى چېپىپ كۆپ ئەجىر
قىپتۇ، كۈزلۈكى ئەجرىگە يارىشا مول ھوسۇل ئاپتۇ. كېيىنچە
مەھەللىدىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەر سەئىد دېھقاننىڭ
تەشەببۇسى بىلەن بۇ جايغا كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا
كىرىشىپتۇ. بۇ جايدا بارا ــ بارا ئادەملەر كۆپىيىپ،
مەھەللىلەر پەيدا بولۇپتۇ. بىر جۈمە كۈنى سەئىد دېھقان ئۇ
دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ئېگىزرەك تۆپىلىككە
دەپنە قىلىپ، قەبرىگاھى ئۈچۈن چىرايلىق گۈمبەز
ياسىتىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۈمبەز ئەتراپى
كېڭىيىپ خېلى چوڭ مازارلىققا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇ
يەردە سەئىد دېھقاننى خاتىرىلەپ نەزىر ـ چىراغ

ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ ۋە ھەر جايدىن كىشىلەر زىيارەتكە كېلىدىغان بوپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەنە كۆپپارلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەلپەتتا خوجامغا ئاشلىق توشۇپ بەرگەنىكەن. سەيدىخان خوجام مازىرىغا يېقىن جايدا چەش تاغ دەپ ئاتىلىدىغان تاغ بار. چەش تاغ بىر ئېگىز تۆپىلىك، تۆپىلىكنىڭ شىمال تەرىپى كەمتۈك. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر يىلى ئاشلىق ئوخشاپ كېتىپ تاغدەك چەشلەپ قويۇلغان، ئېھتىياجى بارلار خالىغانچە ئەكېتىشكەن. بىر ئايال بالىسىنى ئەگەشتۇرۇپ شۇ تاغدىن ئاشلىق ئەكېلىپ پوشكال ساپتۇ. بۇ چاغدا بالىسى تەرەت قىپتۇ، تەرىتىنى ئېرتىدىغان نەرسە تاپالماي ئۆزى سالغان پوشكال بىلەن ئېرتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چەش تاغ تاش تاغقا ئايلىنىپ قاپتۇ ھەمدە شۇ ئايال ئاشلىق ئالغاندا كەمتۈك بولۇپ قالغان يېرىمۇ شۇ كەمتۈك بويىچە قاپتۇ. شەيخنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلىدە بۇرۇن بۇ تاغلارنىڭ ئۈستىدە ئىككى تۇلۇق، بىر ياغاچ گۈرجەك ۋە بىر باغلام چەش بار ئىكەن، كېيىنچە بۇ نەرسىلەرنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، مازارنىڭ ئۈستىدىمۇ ئەسلىدە گۈمبەز بار ئىكەن، كېيىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. بۇ يەردە ئىككى قەبرە بولغاچقا، قوش گۈمبەز دەپمۇ ئاتايدىكەن.

بۇ مازار توقسۇن، ئۈرۈمچى قاتارلىق ئورۇنلارغا بارىدىغان بۇرۇنقى چوڭ يول بويىدا بولغاچقا، بۇرۇن ئۇ يەرگە يولوچىلار كۆپ كېلەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئىسھاقىيە» گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى خوجا شاھىدنىڭ نەۋرىسى شۇ چاغدىكى لوكچۇن ۋاڭى ئىمىن بىلەن بىرلىشىپ قوشۇن تارتىپ يەكەنگە بېرىپ، ئۇ يەرنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالغان. بۇ چاغدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجا)

ئامالسىز ئۆز ئورنىنى مۇھەممەد ئىمىن خانغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزى ئەسھابۇلكەھفنى زىيارەت قىلىش باھانىسى بىلەن تۇرپانغا كەلگەن، ئۇ ئۆزىگە مۇرىت توپلاش ئۈچۈن ھەرقايسى مازارلارغا بارغان ۋە بۇل ئۈستىدە سەيدىخان مازىرىدىمۇ بىرنەچچە كۈن تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ھىدايىتۇللانى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر گۈمبەز ياساپ، گۈمبەز ئىچىگە قەبرىگە ئوخشىتىپ تۇلۇق باغلىغان، گۈمبەزنىڭ ئىشىك بېشىغا «قەدەم جاي ھىدايىتۇللا» (ھىدايىتۇللا ئاياغ باسقان جاي) دەپ يېزىپ قويغان. شۇنىڭدىن بېرى سەيدىخان خوجام مازىرى تېخىمۇ ئۇلۇغلىنىپ، كىشىلەر زىيارەت قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.





# خىزىر خوجا مازىرى

خىزىر خوجا مازىرى تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىسى يەمشى مەھەللىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە (تۇزلۇق تاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە) 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "3'11 °89، شىمالىي پاراللېل "36 '54 °42 بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 57 مېتىر تۆۋەن.

خىزىر خوجا مازىرى جايلاشقان يەر تۈز بولۇپ، مازارلىقنىڭ ئالدى تۈزكەتكەن سايلىق، كەينى تەرىپى تېرىلغۇ ئېتىزى، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 420 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەبرىگاھنىڭ ئىگىسى خىزىر خوجا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ 1 - ئەۋلاد خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان (مىلادىيە 1347 — 1363 - يىللىرى سەلتەنەتتە)نىڭ كىچىك ئوغلى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ 3 - ئەۋلاد خانى ھەمدە بېشبالىق - ئىلبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ 1 - ئەۋلاد ھۆكۈمرانى (مىلادىيە 1389 — 1408 - يىللىرى

سەلتەنەتتە) دۆر. خىزىر خوجا دادىسى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار مۇرىتى بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ، ئۇنى «شەرىئەت شۇئارى، دىيانەتلىك، شىجائەتلىك ھەم باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز . . زات ئىدى» دەپ تەرىپلىگەنىدى.

بەزى تارىخىي مەنبەلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئۇ تەختكە چىقىپ ھىجرىيە 795 ـ يىلى (مىلادىيە 1392 — 1393 ـ يىللىرى) ۋە ھىجرىيە 799 ـ يىلى (مىلادىيە 1396 — 1397 ـ يىللىرى) ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى ئىگىلەپ، بۇ جايلاردىكى بۇددىستلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، زورلۇق كۈچ بىلەن ئىسلام دىنىنى كېڭەيتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. خىزىر خوجىنىڭ قاچان، قانداق ۋاپات بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بەزى مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، خىزىر خوجا 1408 ـ يىلى غازات ئۇرۇشلىرىدا ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ جەسىتى يەمشى دېگەن جايدا دەپنە قىلىنىپ، بۇ مازار شەكىللەنگەنىكەن. بۇ مازارلىقنى يەرلىك كىشىلەر كېيىن «ئالتۇنلۇق» دەپمۇ ئاتاپ كەلگەن.

خىزىر خوجا قەبرىگاھلىقى ئەسلىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئانچە ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنمىغانلىقتىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان. مازارنىڭ ھازىرقى ساقلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مازار يۇمىلاق گۈمبەز تۇرۇسلۇق، كېسەك قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئالدى گۈمبەز ۋە كەينى گۈمبەزدىن ئىبارەت ئىككى گۈمبەزدىن تەشكىل تاپقان. ئالدى گۈمبەز

كىچىكرەك بولۇپ، ئوڭ، سول تەرىپىدە بىردىن كىچىك خانىسى بار. كىچىك گۈمبەزدىن ئۆتۈپ چوڭ گۈمبەزگە كىرىمىز. چوڭ گۈمبەزنىڭ ئاستى تەرىپى سەككىز قىرلىق بولۇپ، تاملىرىغا مېھراب شەكلىدە دېرىزىلەر چىقىرىلغان. گۈمبەزنىڭ كۆپ قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئالدىنقى سەيناسىنىڭ ئوڭ تەرەپ تاملىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. مازارنىڭ ئەتراپىدا ئەسلىدە ھەيۋەتلىك ئالتە مۇنار بار بولۇپ، مۇنارنىڭ تېگى قىسمى ئۆي ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى سۇپا قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن. مەقبەرە ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەقبەرىنىڭ قەبرە سۇپىسى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان بولۇپ، مەقبەرە ئورنىغا توپا — تاشلار دۆۋىلىنىپ، ئۈستىگە يوپۇق يېپىپ قويۇلغان.

خىزىر خوجا مازىرىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 28 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 15 مېتىر، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى شەرقتىن غەربكە 21 مېتىر، ئالدى كەڭلىكى 10 مېتىر، كەينى تەرەپ كەڭلىكى 14 مېتىر كېلىدۇ. تېمىنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ قېلىنلىقى 2.1 مېتىر كېلىدۇ. ئىچكى قىسمىدىكى تاملىرىنىڭ بەزى جايلىرىغا خىلمۇخىل نەقىش — بېزەكلەر قىزىل، سېرىق، يېشىل، ئاق رەڭلەردە سىزىلغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. مازارنىڭ ئالدى ئىشىكتىن كەينى ئىشىككىچە كەڭلىكى 20.5 مېتىر كېلىدۇ. ئالدىنقى ھويلىنىڭ تېمىنىڭ قېلىنلىقى 1.1 مېتىر كېلىدۇ. قىسقىسى، خىزىر خوجا مازىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە تۇرپاندا بىنا قىلىنغان ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش — بېزەكلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە يەرلىك ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىي مىراسلاردىن بىرى. ئۇ

تۇرپاننىڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى چۈشىنىشتىمۇ مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە. بۇ مازارنى ھەر يىلى ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى كىشىلەر كېلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ مازار نىكاھقا، كېسەلگە، ئوغرى ئالغانغا ھۆددە دەپ قارالغاچقا، يىراق يېقىندىن قىز ـ ئوغۇللار تۇرمۇش ئىشلىرى ئۈچۈن، مال ـ مۈلكىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغانلار ئوغرىنى تېپىش ئۈچۈن بۇ مازارغا كېلىپ، قازان ئېسىپ، خەتمىقۇرئان قىلىدۇ. پۈتى ئاغرىيدىغانلار ئايىغىنى، بېشى ئاغرىيدىغانلار باش ياغلىقىنى مازارغا قويۇپ كېتىدىغان ئادەتمۇ بار.

خىزىر خوجا مازىرى 1999 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

AltunOq





# شېھىت بۇزرۇكۋار خوجام مازىرى

شېھىت بۇزرۇكۋار خوجام مازىرى تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ توققۇز كىلومېتىر شەرقىدىكى جاڭزا كارىز كەنتىگە تەۋە جاڭگاللىقتا جايلاشقان. مازارنىڭ خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېرىدىئان (ئۇزۇنلۇق) "47 '6 °89، شىمالىي پاراللېل (كەڭلىك) "20 '51 °42 تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 94 مېتىر تۆۋەن.

شېھىت بۇزرۇكۋار خوجام مازىرىنىڭ كۆلىمى 416.1 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مازارنىڭ ئىگىسى شېھىت بۇزرۇكۋار دېگەن زات بولۇپ، ئۇ 15 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ جايلارغا كېلىپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ بىنا قىلىنغان دەۋرى يۈئەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى، يەنى 14 — 15 – ئەسىرلەر ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. مازارنىڭ قۇرۇلۇشى شەرقتىن غەربكە 28.5 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا 14.6 مېتىر

كېلىدۇ. بۇ يەردە ئەسلىدە گۈمبەز بار بولۇپ، زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆرۈلۈپ كەتكەن. يەرلىك ئاھالىلەر قەبرىگاھنى قىزىل رەڭلىك خىش بىلەن ئاددىي گۈمبەز شەكلىدە قايتىدىن رېمونت قىلدۇرغان. قەبرىگاھنىڭ ئالدى تەرىپىدە باغاچ بىلەن جاھازلانغان لەمپە ۋە بىرقانچە ئېغىز خەتمىقۇرئان قىلىدىغان ئۆي بار. مازارنىڭ ئالدى تەرىپىدە سۈيى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان بىر قۇدۇق بار.

مازار جايلاشقان سايلىق ئەسلىدە قەبرىستانلىق بولۇپ، تەبىئىي ئاپەت، بوران - چاپقۇن، يامغۇر - يېشىن، كەلكۈن سۈيىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئېرىقچە، جىرالارنى ھاسىل قىلىشى تۈپەيلىدىن قەبرىلەر ۋەيران بولۇپ، جەسەتلەر ئېچىلىپ ئۇستىخانلىرى سىرتقا چىقىپ قالغان.





# سۆگەل خوجام مازىرى

سۆگەل خوجام مازىرى تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسىغا تەۋە بولۇپ، چاتقال يېزىسىغا بارىدىغان يېزا تاشيولىنىڭ لېۋىگە جايلاشقان. مازار ئائىلە ئولتۇراق رايونىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، ئىككى تەرىپى بەرلىكلەر ئۆيلىرى بىلەن يانداش، بىر تەرىپى يېزا تاشيولىغا قارايدۇ. مازارنىڭ قارشى تەرىپىدە شەيخنىڭ قورۇ ـ جايى بار. قەبرىگاھ ئاستى يۇمۇلاق، ئۈستى گۈمبەزسىمان قۇرۇلۇش بولۇپ، ئالدى قىسمىدا ئەگمە تورۇسلۇق قىسقا كارىدورى ۋە كارىدوردىن ئۆتكەندە مەقبەرە بار ئۆيگە كىرىدىغان ياغاچ ئىشىكى بار. قەبرىگاھ گەۋدىسى لاي بىلەن سۇۋالغان. قەبرىگاھ يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈپ سېلىنغان. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يوپۇقلار يېپىلغان قەبرە بار. قەبرىنىڭ يان تەرىپىدىكى چىراغ قويۇلغان جايلار تولا چىراغ

يېقىلغانلىقتىن قارىداپ، مايلىشىپ كەتكەن. بۇ مازارغا خۇيزۇلارمۇ كۆپ كېلىدۇ. خۇيزۇلار قەبرىنىڭ يېنىغا خۇش پۇراقلىق كۆجىلەرنى ياقىدۇ. مازار تاملىرى پوملاپ ئاتقان لاي بىلەن قاپلىنىپ قېلىنلاپ كەتكەن. ئادەتتە يەردىكى بىر ئازگالدا تەييار ئېتىقلىق لاي ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ مازارنى ئاساسەن سۆگەللى بار كىشىلەر تاۋاپ قىلىدۇ. ئۇلار يەردىكى لايدىن ئېلىپ ئۆتنى سۆگەللىگە تەگكۈزۈپ مازار تېمىغا ئېتىپ، كەينىگە قارىماستىن مازاردىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر كەينىگە قاراپ تاشلىسا، سۆگەللى چۈشمەسمىش. ئەگەر قوي، كالا قاتارلىق ماللارغا سۆگەل چىقىپ قالسا، ئۇ چاغدا چارۋا ئىگىلىرى مازارنىڭ سىرتىدىكى تامغا لاي چاپلاپ قويۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، مازارنىڭ سىرتقى تېمىمۇ ھاجەتمەنلەر ئاتقان لاي بىلەن توشۇپ كەتكەن.

مازارنىڭ ئايال شەيخى ھازىر 100 ياشتىن ئاشقان بولۇپ، كېسەلچان بولۇپ قالغاچقا، مازارغا كەلگۈچىلەرنى ئاساسەن موماينىڭ كېلىنى كۈتۈۋالىدىكەن. سۆگەل خوجام مازىرى بىلەن ئاتالغان مازار يەنە تۇرپاننىڭ لۈكچۈن يېزىسى 4 - كەنت تەۋەسىدە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىرقانچە جايىدا بار.





# خېنىم جاي مازىرى

خېنىم جاي مازىرى تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسىغا تەۋە بولۇپ، چاتقال يېزىسىغا بارىدىغان يېزا تاشيولىنىڭ لېۋىگە جايلاشقان. سۆگەل خوجامنىڭ ئالدىدىكى تاشيول بىلەن جەنۇبقا قاراپ 200 مېتىرچە ماڭساق، خېنىم جاي مازىرىغا كېلىمىز. خېنىم جاي مازىرى توغرۇلۇق مۇنداق رىۋايەت بار: بۇ يەردە خەلقنىڭ ياردىمىنى ئايىمايدىغان، ئەلنىڭ دەردىگە يېتىدىغان بىر ۋىجدانلىق قىز بولغانىكەن. شۇ زامانىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇ قىزنى كۆرەلمەي ئۇستىدىن ئۆسەك گەپ تارقىتىپتۇ. بۇ قىز گەپكە چىدىماي: «ئەگەر مەن ساق قالسام، گۇناھسىز بولىمەن؛ ئۆلۈپ كەتسەم، گۇناھكار بولىمەن» دەپ ئىمىن ۋاڭ مۇنارىدىن سەكرەپتۇ. ئۇ قىز سەكرىگەندە كەڭ ئاق كۆڭلەك كىيگەچكە، ۋاڭ مۇنارىدىن چۈشۈپ ھېچنېمە بولماپتۇ. كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ، بۇ قىز ھەقىقەتەن پەرىشتە ئىكەن دەپ قاراپ، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن شۇ يەرگە قويۇپ، مازىرىنى خېنىم جاي مازىرى دەپ ئاتاپتۇ. ئۇنى ئىمىن ۋاڭنىڭ 7 ـ مەلىكىسى دېگۈچىلەرمۇ بار.

مازار ئېگىزرەك يەرگە كۆتۈرۈپ سېلىنغان بولۇپ، ئالدى بىلەن يەتتە ـ سەككىز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تارراق،

ئۈستى يېپىق، تاملىرىغا ئويۇقلار چىقىرىلغان كارىدوردىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن چاسا شەكىلدىكى چوڭراق دالان ئۆيگە كىرىمىز. بۇ ئۆينىڭ تاملىرىدىمۇ ئويۇقلار بار بولۇپ، ئۇلۇغ تەرەپتىكى ئويۇقلارغا قويۇلغان چىراغلارنىڭ ئىسى ۋە مايلىرى بىلەن تام ۋە يەرلەر قارىداپ كەتكەن. ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قالغان سۆيېغىنىڭ پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ، ئادەتتە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا دۆۋىلەكلىك پاختا ۋە رەختلەر تەييارلانغان بولىدۇ. بۇ ئۆينى ئاساسەن تاۋاپقا كەلگەن ئايال ھاجەتمەنلەر خەتمقۇرئان قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىدىكى كىچىك ئىشىك بىلەن تاشقىرىدىكى ئۈستى ئوچۇق كىچىككىنە ھويلىغا چىقىمىز. سۇمە بار ئۆي بىلەن دالان ئۆينىڭ ئىشىكى بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدۇ. مەقبەرە بار ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە پاكارراق ياغاچ ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن لاتا - پۇرۇچلار چىگىۋېتىلگەن، ئىشىكتىن كىرگەندە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇمە بار. شەيخنىڭ ئۆيىدە ئېيىقنىڭ ئالىقىنى ئەتۋارلىنىپ ساقلانغان بولۇپ، ئايال شەيخنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئېيىقنىڭ ئالىقىنى مازاردىكى خوجامدىن قالغانىكەن. بەل - پۇت ئاغرىقى بارلارنىڭ ئاغرىق يېرىگە تەگكۈزۈپ قويسا ساقىيىپ قالارمىش.



مازارنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىش

# كۆنچى خوجام مازىرى

كۆنچى خوجام مازىرى تۇرپان شەھرىدىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارىنىڭ ئوڭ يان تەرىپىنىڭ بۇقىرىسىغا توغرا كېلىدۇ. مازار يەرلىكلەر قەبرىستانلىقىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، گۈمبەز قۇرۇلمىلىق. ئۇنىڭ مەخسۇس ئىشىكى يوق بولۇپ، ئىشىك شەكلىدە ئەگمە چىقىرىلغان، مەقبەرە ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۆنچى خوجامدا ياتقان كىشى كۆنچى ئۇستىلارنىڭ پىرى ئىكەن. بۇرۇنلاردا بۇ يەرگە كۆپرەك كۆن ـ خۇرۇم ئۇستىلىرى ياكى شاگىرتلىرى كېلىپ تاۋاپ قىلار ئىكەن، مازارنىڭ ئالدىدىكى قەبرىلەرنىڭ يان تەرەپلىرىگە سېلىنغان چاچراتقۇلار قويۇپ قويۇلغان. چاچراتقۇ سېلىش — قەشقەر ۋە تۇرپانلاردا

ئومۇملاشقان ئېتىقاد ھادىسىسى. بالىلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى، پۇت ـ قوللىرىغا يارا چىقىپ يېرىلىپ ئېقىپ توختىمىسا، مۇشتىتەك خېمىر يۇغۇرۇپ، ئۇنى بوغۇرساقتەك يوغانلىقتا ئۈزۈۋېلىپ، يۇمىلاقلاپ قىزىق ئوتقا ياكى ياغقا سالىدۇ، خېمىر قىزىق ئوتقا چۈشكەندە يېرىلىپ ئېتىلسا، بۇنى يارىنىڭ ساقىيىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى دەپ قارايدۇ ياكى داخانلار چاچراتقۇ سېلىش ئارقىلىق كېسەلنىڭ قايسى مازارنى تاۋاپ قىلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. مازارلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ چاچراتقۇ سالىدۇ، چاچراتقۇ قايسى مازارنىڭ ئىسمىنى ئاتىغاندا چاچرىسا، كېسەلنى شۇ مازارغا بۇيرۇيدۇ. سېلىنغان چاچراتقۇلارنى كۆپىنچە مازار بېشىغا ئاپىرىپ قويۇپ قويىدۇ.





# ئانجان خوجام مازىرى

ئانجان خوجام (ئەنجان خوجام دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مازىرى تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزا گۈلباغ كەنت (يەمشى كارىز كەنتى) 2 ـ ئەترەتتە بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىن بىر كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى كەڭ كەتكەن سايلىقتا جايلاشقان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 847 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئەتراپىغا خېلى دائىرىگىچە يەرلىكلەر قەبرىلىرى قويۇلغان. مازارنىڭ تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، تامنىڭ ئىچكى قىسمىغا تەكچىلەر چىقىرىلغان، قەبرىگاھنىڭ ئۈستى گۈمبەز شەكىللىك، ئاستى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتقى تاملىرىغا ئويۇقلار چىقىرىلغان. ئۈچ دانە ئويۇقچىغا يوغان قوچقار مۈڭگۈزلىرى قويۇلغان. قەبرىگاھنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئەتراپى مازارغا تاۋاپقا كەلگەنلەر تاشلىۋەتكەن قۇرۇقدالغان ماي بوتۇلكىلىرى بىلەن تولغان. بۇ خىل كۆرۈنۈش تۇرپاندىكى باشقا مازارلاردىمۇ كۆپ. مازارغا كەلگەنلەر بىر بوتۇلكىغا ئازراق سۇماي، پەلكۆچ ئېتىش ئۈچۈن ئازراق پاختا ۋە

سەرەڭگە ئەكېلىپ، مازاردىكى چىراغلارغا ماي قۇيۇپ، پىلتىلەرگە ئوت يېقىپ قويىدۇ. قەبرىگاھ ئىچى ۋە ئەتراپىدا ماي قۇيۇقلۇق چىراغ ۋە قاچا، يەردە دۆۋىلەكلىك پاختىلار كۆزگە چېلىقىدۇ. قەبرىگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەبرە بولۇپ، ئۈستىگە يوپۇقلار يېپىلغان.

«تۇرپان شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى»دە بايان قىلىنىشىچە، مازارنىڭ ئىگىسى تەخمىنەن مىلادىيە 16 – ئەسىردە ئەرەب دۆلىتىدىن كەلگەن ئاشچان ئىسىملىك بىر ئۇزۇن چاچلىق ئايال بولۇپ، بۇ يەردە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنىپ، ئاندىن ھازىرقى مازارلىق شەكىللەنگەنىكەن.

ئانجان مازىرىغا پەرزەنت تىلەپ ھەرقايسى جايلاردىن نۇرغۇن ئاياللار كېلىدۇ، بەزىلىرى بەللىرىنى تاڭدۇرۇپ كېتىدۇ، بەزىلىرى مازارنى يوقلاپ كەتكەندىن كېيىن تۇغۇپ قالسا، بالىسىنى ئېلىپ مازارغا قايتا كېلىپ، خوجامغا مىننەتدارلىقىنى تاۋاپ ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە يېزىدا قۇرغاقچىلىق، سۇ ئاپىتى، ئادەم ئۆلۈش ئىشلىرى كۆپ بولسا، مازارلاردا زاراخەتمە قىلىناتتى.

مازاردا قوچقارنىڭ باشلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بىر قىسىم بېشى ئاغرىيدىغانلار مازارغا قوچقارنىڭ باشلىرىنى قويۇپ قويىدۇ. جىنكەشلەر شۇنداق بۇيرۇيدىكەن. بىمارلار قوچقارلارنىڭ باشلىرىنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ سېتىۋېلىپ ئەكېلىدىكەن، جىنكەشلەر ئالدى بىلەن ئۆزلىرى كېسەلگە سەۋەب قىلىپ باقىدىكەن، سەۋەب تاپالمىسا، مازارلارغا بۇيرۇيدىكەن.



# ئەلپەتتا خوجام مازىرى

ئەلپەتتا خوجام مازىرى تۇرپان شەھىرى ئاستانە يېزىسىدا بولۇپ، ئورنى بېزا بولىنىڭ ياقىسىدىكى بەرلىكلەر قەبرىستانلىقىنىڭ يۇقىرىسىغا، مازار مەسچىتىنىڭ كەينىگە توغرا كېلىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، تۇرپانلىقلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن، قاراخانىيلار قوشۇن باشلاپ كېلىپ يەرلىك خەلقنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلاپتۇ. خەلق ئۇنىمىغانلىقتىن، ئوتتۇردا ئۇرۇش پارتلاپتۇ. ئۇرۇشتا قاراخانىيلار ئىدىقۇت شەھىرىگە بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، بۇددىست ئۇيغۇرلارنى زور تالاپەتكە ئۇچرىتىپتۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى خەلقلەر ئەلپەتتانىڭ كارامەت باتۇرلۇقىغا قايىل بولۇپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانىكەن. ئەلپەتتا خوجام شېھىت بولغاندىن كېيىن، تۇرپانلىقلار بىر مەزگىل بەنە بۇددا دىنىغا يېنىۋاپتۇ. ئاردىن نەچچە يۈز يىل ئۆتۈپ، مىلادىيە 1397 –

يىلى خىزىر خوجا تەرىپىدىن ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران
قىلىنغاندا، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانىكەن. شۇ
چاغدا خىزىر خوجا ئەلپەتتانىڭ قەبرىسىنى تەگرىتاغلىرى
ئارىسىدىن تاپتۇرۇپ، ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ كەلگەنىكەن.
ئەلپەتتانىڭ ئۆز ئىسمى ئابدۇل پەتتاھ بولۇپ، ئۇ بۇ يۇرتقا
كەلگەندىن كېيىن يۇرت ئاۋاتلىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى
ياخشىلانغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاستانە خەلقى ئۇنى
«قۇتلۇق قاراخان» دەپ ئاتاشقان. بولۇپمۇ ئۇ تۇرپانغا تۇنجى
بولۇپ ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلگەچكە، خەلق ئارىسىدا
زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۇرۇشتىكى
باتۇرلۇقى ۋە زېرەكلىكىنى مەدھىيىلەپ مۇنۇ شېئىرنى
يازغان:

ئالىپ ئاتا دەر خەلق ئۇنى،
قۇتلۇق قاراخاندۇر ئېتى.
شاھى مەردان شىرى،
يەزىدانغا يېتىدۇ نىسبەتى.

ئەلپەتتا خوجام مازىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئادەتتىكى
ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە كىچىك گۈمبەز قوندۇرۇلغان
شەكىلدە. ئالدى بىلەن دالان ئۆيگە كىرىمىز، دالان ئۆينىڭ
ئوڭ يان تەرىپىگە پاختا، داكىلار دۆۋىلەپ قويۇلغان، سول
تەرىپىدىكى ئويۇقلارغا چىراغلار قويۇلغان ۋە چىراغقا قويۇش
ئۈچۈن ئەكېلىنگەن مايىنىڭ بوتۇلكىلىرى دۆۋىلەپ
قويۇلغان. سول تۆر تەرەپتە ئەلپەتتا خوجام تۇتقان دەپ
قارالغان، ئۈستىگە «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېگەن
ئايەت يېزىلغان تۇچتىن قۇيۇلغان ئايەت تاختىسى ئېسىپ
قويۇلغان. دالان ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشىك بىلەن مەقبەرە
بار ئۆيگە كىرىمىز. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەقبەرە ئۈستىگە
نۇرغۇن يوپۇقلار يېپىلغان. خۇيزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە تۇت

تامغا ئايەت يېزىلغان چاسا شەكىللىك رەختلەر ئېسىۋېتىلگەن. مازارغا كىرگەنلەر كەينىچىلەپ يېنىپ چىقىشى شەرت. بۇ مازارلىقتا ئەلپەتتا خوجامدىن باشقا شامارا خوجام، تاش خوجام (مەھمارە خوجامۇ دېيىلىدۇ، مازارنىڭ ئۈستىگە تاشلار پاتۇرۇپ تىزىلغان)، ھاجى ئانام (بۇۋى ھەجەر ئانام ياكى ھاجەتمەن ئانامۇ دېيىلىدۇ) قاتارلىق بەش خوجامنىڭ گۈمبىزى بار. بۇلاردىن بىر-ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا سىنچىلاق خوجام بار.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئەلپەتتا خوجام مازىرى ناھايىتى ھەيۋەتلىك مازار بولۇپ، ئالدى تەرىپىدە پەشتاقلىق ئېگىز دەرۋازىسى بولغان، جەنۇب تەرىپىدە دەرۋازىغا تاقاپ ئىككى قەۋەتلىك، 50 — 60 ھۇجرىلىق مەدرىسە سېلىنغان. دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، غەرب تەرەپتىكى تامغا قوغۇشۇندىن قىلىنغان، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى ئىككى يېرىم مېتىرچە چوڭلۇقتىكى غەللە ساندۇقى ئورنىتىلغان. ساندۇقنىڭ ئۈستىرەك قىسمىدا پۇل تاشلاش تۆشۈكى بولۇپ، تاۋاپقا كەلگەنلەر پۇل، ئالتۇن زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى ۋە تەڭگىلەرنى ساندۇق ئىچىگە تاشلايدۇ. غەللە ساندۇقىنىڭ سەككىز قۇلۇپى بولۇپ، قۇلۇپىنىڭ ئاچقۇچى مازارنىڭ سەككىز شەيخىنىڭ قولىدا. غەللە ساندۇقىنى يىل ئاخىرىدا سەككىز شەيخنىڭ ھەممىسى جەم بولغاندا ئاچقىلى بولىدىكەن. مازارنىڭ ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا ئەلپەتتا خوجامنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزى جايلاشقان. ئەلپەتتا خوجام گۈمبىزى ئەتراپىغا لۈكچۈندىكى ئىمىن ۋاڭ، سۇلايمان ۋاڭ، مۇسا ۋاڭ، مەھمۇد چىنۋاڭ قاتارلىق ۋاڭ ۋە ۋاڭلار ئەۋلادلىرى قويۇلغان. شۇڭا بۇ يەر ئالتۇنلۇق مازىرى دەپمۇ ئاتالغان. ئىمىن ۋاڭ مىلادىيە 1694-يىلى تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىدا دۇنياغا كېلىپ،

مىلادىيە 1777 – يىلى 83 يېشىدا لۈكچۈندە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە يۇرتى ئاستانىگە دەپنە قىلىنغان. ئىمىن ۋاڭنىڭ كىچىك ئوغلى مۇسا ۋاڭ ئىلىغا ھاكىمبەگ بولغان، ئۇ 1778 – يىلى قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ ئاتىسىنىڭ يېنىغا قويۇلغان. ئىمىن ۋاڭنىڭ قەشقەر، يەكەنگە ھاكىمبەگ بولغان ئوغلى جاساق ئىسكەندەر ئاتىسى ئىمىن خوجا بىلەن مۇسا ۋاڭنىڭ ئاستانىدىكى قەبرىسىنى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساتقان. ھازىر ئەلپەتتا خوجام مازىردا ساقلىنىپ قالغان، يېرىمى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا چېقىۋېتىلگەن، ئىچىگە گۈل، تاۋۇز، كىتاب سۈرەتلىرى سىزىلغان، ھۆسنخەتلەر يېزىلغان گۈمبەز ئىمىن ۋاڭنىڭ نەۋرىسى مەھمۇد چىنۋاڭنىڭ بولۇپ، مىلادىيە 1809 – يىلى ياسالغان، مەزكۇر گۈمبەزگە كىرىدىغان چوڭ ئىشىك بېشىغا قىزىل سىر بىلەن تۆۋەندىكى ئەرەبچە چوڭ خەتلەر يېزىلغان، ئۇ خەتلەرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

تۇپراقسىز ئالتۇن جامدا،
ئۆسمەيدۇ گۈل.
بەرگسىز قاقشال تېرەكتە،
سايرىماس بۇلبۇل.

لۈكچۈن ۋاڭلىرى ئەلپەتتا خوجامنى ئۇلۇغلاپ، خوجامدا ياتساق بېھىشكە كىرىمىز دەپ قاراپ، گۈمبەزلىرىنى مۇشۇ يەرگە ياساتقان. ئەينى چاغدا، مازارنى يېگىتۇرلۇق شەيخلەر باقاتتى ھەم بۇ ئەتراپقا ئايرىلغان تۆت سۇنىڭ بىر سۈيى خوجام سۈيى دەپ ئاتىلىپ، بۇ سۇدىن مەخسۇس شەيخلەر پايدىلىناتتى. بۇنى ئىمىن ۋاڭ ئۇلارغا ئىنئام قىلغانىكەن. لۈكچۈن بىلەن ئاستانىنىڭ ئارىلىقى 30 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، لۈكچۈن ۋاڭ جەمەتىدىن بىرەرى ۋاپات بولسىلا،

يېڭىتورلۇق شەيخلەردىن نەچچە 10 ئادەم ئاق كىيىنىپ، تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ، ۋاي خوجام دەپ يىغلاپ مازارغا ئەكىلىپ دەپنە قىلار ئىكەن. 1949 - يىلىدىن بۇرۇن، پۈتۈن يۇرت يېرىنىڭ 40%ى مازارغا ۋەخپە قىلىنىپ، دېھقانلارغا تېرىشقا بېرىلگەنىكەن. ئەينى چاغدا يەرلىك پۇقرالار جەسىتى قورشاۋ تامنىڭ سىرتىدىكى قەبرىستانلىققا قويۇلغان.

ئاستانىدىكى خەلق تارىخچىسى ئابدۇراخمان ئابدۇللانىڭ قارىشىچە، ئەلپەتتا دېگەن ئىسىم ئەسلىي ئوبۇل پەتتار بولۇپ، كېيىن ئابدۇل پەتتارغا ئۆزگەرگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلپەتتا بولغان. ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا دەرس بەرگەن ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ئوغلى. ئەلپەتتا خوجام مىلادىيە 970 — 980 - يىللىرى شىنجاڭغا ئىسلام ئاچقىلى كەلگەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا قاتتىق جەڭ قىلغان. ئىدىقۇت خانى ئارسلانخان بېشبالىققا چېكىنگەندە، ئۇ كەينىدىن قوغلاپ تاغ ئىچىگە كىرگەن، ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ بىر جىلغىسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغان، جەڭدە ئەلپاتتا خوجام يېڭىلگەن، ئارسلانخان ئەلپەتتا خوجامنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، يول بويى مەسچىتلەرنى چېقىپ، بۇتخانىلارنى قايتا ياساپ ماڭغان. ئەلپەتتا خوجامنىڭ جەسىتى شۇ چاغدا بوغدا چوققىسى ئەتراپىغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. 14 — 15 - ئەسىرلەردە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى رەسمىي ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۇلۇغلاپ، جەسىتىنى مۇشۇ يەرگە يۆتكەپ مازار بىنا قىلغان. لېكىن، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئەلپەتتا خوجام قەبرىسىنى ئاچقاندا، قەبرە قۇرۇق بولۇپ، جەسەت چىقمىغانىكەن.

تۇرپان تەۋسىدە ئەلپەتتا خوجامغا مۇناسىۋەتلىك يەنە تۆۋەندىكىدەك مازار ۋە رىۋايەتلەر بار: سىڭگىم ئېغىزىنىڭ بېزەكلىككە ماڭىدىغان يېرىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىدە، يەنى بېزەكلىككە بارىدىغان يولنىڭ مۇرتۇق غولىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۆپىلىكتە ئاتلاش خوجام دەپ بىر مازار بار. بۇ ئەسلىدە ئات باغلاش خوجام دېگەن سۆز بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلپەتتا خوجام مۇشۇ جايغا ئېتىنى باغلىغانىكەن (بۇ ھەقتە بىر قىسىم خۇيزۇلار بۇ ھەزرىتى ئەلى ئېتىنى باغلىغان يەر، ھەزرىتى ئەلىدىن باشقا ئادەم دۇلدۇل مىنىمىگەن، زۇلپىقار كۆتۈرمىگەن دەيدۇ). بۇ يەرنى ئوقۇر خوجام دەپمۇ ئاتايدۇ. تاغنىڭ ئۈستىدە قەبرە يوق بولۇپ، تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەر موچەنلىك پۇللارنى تاشنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويىدۇ ھەمدە ھەر خىل لاتا - پۇرۇچلارنى ئېسىپ قويۇشىدۇ. 60 - يىللاردىن بۇرۇن بۇ جاينىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، تۇتاش كەتكەن دەرەخزارلىق، قومۇشلۇقلار بار ئىدى. تۇرپان تۇيۇق، مۇرتۇق، ياڭخې، سۇ بېشى، قاراغوجا، ئاستانە، سىڭگىمنىڭ ئادەملىرى بۇ جايدا نوروز بايراملىرىنى، زاراخەتمىلەرنى، بارات ئېيى پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزەتتى، سودا - سېتىقلارمۇ قايناپ كېتەتتى. بولۇپمۇ كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن بۇرۇن بۇ يەرگە چىقىپ كوللېكتىپ زاراخەتمىلەرنى ئۆتكۈزەتتى. كاتانوف 1890 — 1891 - يىللىرى تۇرپاندا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش دوكلاتىدىمۇ: «قاراغوجىدا باغلىغۇچى مازار (ئات باغلاش خوجام) بار، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن. ئەسلى مازار بار يەردە ناھايىتى يوغان، يىراقتىن بەلگە بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان،

ئەلپەتتا خوجامنىڭ ئىتىنى باغلىغان دەپ قارالغان بىر ياغاچ تۈۋرۈك بولغان. ئۇ تۈۋرۈك مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يۇلۇۋېتىلگەن.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئىسلام لەشكەرلىرى ئەلپەتتا خوجامنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قاراغوجىدىكى ئۇلۇغ يول ئارقىلىق كەلگۈچە، ئەلپەتتا خوجامنىڭ سىنچىلاق قولى چۈشۈپ قالغان(يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئەلپەتتا غوجام ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا سىنچىلاق قولىغا ئوق تېگىپ مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان). شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىنچىلاق قول بۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ، سىنچىلاق مازار دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە ئالدىغا ماڭغاندا تۆگىسى يېتىۋېلىپ، تۇرغۇزسا يەنە يېتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە قوش گۈمبەز بەرپا قىلىنغان . يەنە 300 — 400 مېتىر ماڭغاندا تۆگە توختاپ ماڭمىغان. كىشىلەر ئەلپەتتا خوجامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئېيتقان «مېنى ئېلىپ ماڭغان تۆگە قەيەردە توختىسا، مېنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىڭلار» دېگەن ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئەلپەتتا خوجامنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلغان. بۇ مازار «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئەۋجىگە چىققان 1967 - يىللىرى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، كېيىن يۇرت خەلقى ئۇنى قايتا رېمونت قىلىپ، يەنە ھېيت - جۈمە نامازلىرىنى ئوقۇيدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرغان.





# مۇرتۇق خوجام مازىرى

تۇرپان شەھەر سىڭگىم يېزىسىنىڭ غەربىدە مۇرتۇق دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ مەھەللە بار. مۇرتۇق خوجام مازىرى يالقۇنتاغنىڭ شىمال ئېتىكىگە، يەرلىكلەر قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئەسلىدىكى مازار گۈمبەزلىرى كونىراپ بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، 1998 ـ يىلىدىن باشلاپ شەخسلەرنىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن مازار گۈمبىزى ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتا ياسالغان. يېڭى پۈتكەن مازار ئىشىكىدىن كىرگەندە، چوڭ بىر سۇپىلىق خانا بار. سۇپىنىڭ ئۈستىدە بىر قۇدۇق بار. قۇدۇق سۈيى شىپالىق دەپ قارالغاچقا، تاۋاپقا كەلگەنلەر شۇ سۇدىن ئىچىپ مېڭىشىدۇ. چوڭ خانىنىڭ سول تەرىپىدە يانداش ئىككى كىچىك خانا بولۇپ، بۇ ئۆيلەر تاۋاپچىلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ۋە دەم ئېلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىچكىرىكى تەرەپتىكى كىچىك خانىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر ئېغىز ئۆي بار بولۇپ، بۇ ئۆينىڭ تورۇسى گۈمبەز شەكلىدە چىقىرىلغان. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇرتۇق خوجامنىڭ مەقبەرىسى

ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەقبەرە ئۈستىگە قات ـ قات بوپۇقلار يېپىلغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇرتۇق خوجامنىڭ ئەسلىي ئىسمى مەۋلانە ئابدۇلھەمىد بولۇپ، ئەرەبىستاندا ئىلىم تەھسىل قىلغان ھىندىستانلىق مۇسۇلمان ئىكەن. كېيىن سەيلە ـ ساياھەت قىلىش بىلەن تۇرپانغا كېلىپ قالغان. ئۇ ناھايىتى بىلىملىك مۆتىۋەر بولغىنى ئۈچۈن، شۇ زاماندىكى تۇرپاننىڭ ۋالىي، ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنىڭ باللىرىنى ئۇنىڭغا ئوقۇشقا بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى مۇدەررىس بولۇپ تۇرپاندا تۇرۇپ قالغان ۋە كېيىنكى ئۆمرىنى مۇرتۇقتا ئۆتكۈزۈپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى مۇرتۇقتىكى چوڭ مەسچىتنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان، كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە گۇمبەز ياسىلىپ، ئۇ مۇرتۇق خوجام مازىرى دەپ ئاتالغان. مۇرتۇق خەلقى شۇ مەسچىتتە ھېيت ـ جۈمە نامازلىرىنى ئوقۇيدىغان بولغان. مۇرتۇق مازىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا مارجان بۇلاق دەپ ئاتىلىدىغان بىر بوك ـ باراقسان يېشىللىق بار. بۇ يەردە 10 نەچچە ئېغىز تىلاۋەتخانا، بۇلاق ۋە بىر كارىز بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇرتۇق خوجام مۇشۇ يەردە مەدرىسە ئېچىپ تالىپلارنى تەربىيىلىگەنىكەن. مەۋلانە ئابدۇلھەمىد ھەزرىتىم ناھايىتى بىلىملىك زات بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرپاندىكى قارىيلار ئۇنى «پىر» ئورنىدا كۆرگەن، شۇڭا تۇرپاندىكى باشقا يەرلەردە ئوقۇپ قارىي بولغانلار قائىدە بويىچە مۇرتۇق خوجامدا بىر ھەپتە ئىستىقامەت قىلمىسا، شۇ چاغدىكى كىشىلەر ئۇنى تولۇق سەۋىيىگە يەتكەن قارىي ھېسابلىمىغان، بۇ ئادەت تاكى 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلغان.



# يەتتە قىزلىرىم مازىرى

يەتتە قىزلىرىم مازىرى پىچان ناھىيىسى لەمجىن يېزىسى چۇۋانقىر مەھەللىسى يۇتۇق كەنتىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ ئۈستىدە. خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "89°56'12 قا، شىمالىي پاراللېل "42°51'67 قا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 320 مېتىر ئېگىز.

يەتتە قىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقنىڭ غەربىي شىمالىدا قاتار سېلىنغان يەتتە گۈمبەز بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇددىستلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يەتتە قىز قېچىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن بۇددىستلار تەرىپىدىن قەتلە قىلىنغانىكەن. كېيىن كىشىلەر ئۇلارنى خاتىرىلەپ، ئۇلارنىڭ نامىغا گۈمبەز ياسىتىپ، يەتتە قىزلىرىم مازىرى دەپ ئاتىغانىكەن. يەتتە قىزلىرىم مازىرى جايلاشقان يەردىكى جىلغىنىڭ قارشىسىدىكى تاغدا يەنە يەتتە ئوغۇل مازىرى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يىگىتلەرمۇ بۇددىستلارغا قارشى جەڭدە مۇشۇ يەردە شېھىت بولغانىكەن. يازكۈنلىرى كەچكى شەپەقتە يەتتە قىزلىرىم بىلەن يەتتە

ئوغۇللىرىم جىلغىدىكى دەرياغا سۇغا چۈشەرمىش ۋە بىللە ئولتۇرۇپ تاۋۇز يەمىش.

يەتتە قىزلىرىم قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى تاڭ سۇلالىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان زامانلارغا تەۋە دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 150 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ بىر قىسمى يەرلىك كىشىلەرنىڭ توپا ئېلىشى ۋە شور - توز قېزىشى تۈپەيلىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان، بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، قەبرىستانلىق بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. ھازىر بار بولغان قەبرىلەر دۆۋىلىرىنى ئاساسەن ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى خىلدىكىلىرى ئايرىم تاش دۆۋىلىك قەبرىلەر بولۇپ، دىئامېتىرى ئىككى مېتىر، ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا؛ ئىككىنچى خىلدىكى قەبرىلەر بىر يۆنىلىش بويىچە قويۇلغان بولۇپ، ئۆزئارا ئارىلىقلىرى 2 — 4 مېتىر كېلىدۇ. دىئامېتىرى بىلەن ئېگىزلىكى بىرىنچى خىلدىكى قەبرىلەر بىلەن ئوخشاش؛ ئۈچىنچى خىلدىكى قەبرىلەرنىڭ تۆت ئەتراپى تاش بىلەن چاسا شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن، تاش - توپا دۆۋىلىك قەبرىلەردىن ئىبارەت.

يەتتە قىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.



# قەيس خوجام مازىرى

بۇ مازار قۇمۇل شەھىرى چاھارباغنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. كىشىلەر ئۇنى «خوجام مازار»، «چىنە گۈمبەز» دەپ ئاتايدۇ، «يېشىل گۈمبەز»مۇ دېيىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرى (مىلادىيە 627 — 649 - يىللار) مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۈچ كىشىنى دىن تارقىتىش ئۈچۈن جۇڭگوغا ئەۋەتكەن. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى قەيس (ئەرەبچە ئىسمى ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)، ئۇۋەيس، ۋاققاس ئىكەن. ئۇلارنى بەزىلەر سۇ يولى بىلەن كېلىپ قۇرۇقلۇق بىلەن قايتقان دېيىشىدۇ. ۋاققاس سۇ يولى بىلەن گۇاڭجۇغا كەلگەندە كېسەل بولۇپ گۇاڭجۇدا قازا تاپقان. ئۇۋەيس بىلەن قەيس چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەندە، تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنى قارشى ئالغان. كېيىن ئۇۋەيس بىلەن قەيس ئۆز دۆلىتىگە قايتماقچى بولغان. گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدىكى خۇيخۇيبۇغا يېتىپ كەلگەندە ئۇۋەيس ۋاپات بولغان. قەيس تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 635 - يىلى) قۇمۇلنىڭ شىڭشىڭشيا دېگەن يېرىگە كەلگەندە ۋاپات

بولغان. ئۇنىڭ جەسىتى شۇ يەردە ئاددىيلا كۆمۈلۈپ، ئۈستىگە تاش دۆۋىلەپ قويۇلغان. كېيىن قۇمۇل ۋاڭى ئادەم ئەۋەتىپ، شىڭشىڭشىيادا قەيس ئۈچۈن بىر گۈمبەز ياساتقان، بۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئەرەبچە بېغىشلىما ۋە ئايەتلەر يېزىلغان. قەبرە ئالدىغا: «ئەرەبتىن كەلگەن ئەۋلىيا قەيس خوجامنىڭ قەبرىسى» دېگەن خەت يېزىلغان تاختا ئورنىتىلغان.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «شىڭشىڭشىيادىكى تاغ باغرىدا مۇسۇلمان گۈمبىزى بار ئىكەن... يەرلىك كىشىلەردىن بىرى مەبلەغ يىغىش قىلىپ، گۈمبەزنى قايتا ياساش تەكلىپىنى بەرگەن، بۇ تەكلىپ ماقۇل كۆرۈلگەن، نۇرغۇن بېغىشلىمىلار تەقدىم قىلىنغان، قەبرە ئۈستىگە يېپىلغان يوپۇقنىڭ قېلىنلىقى بىر چىدىن ئېشىپ كەتكەن.»

مىنگونىڭ 28 - يىلى (مىلادىيە 1939 - يىلى) شىڭشىڭشىيا چازىسىنى ساقلاپ تۇرغان قوشۇن گازارما سالماقچى بولۇپ خىش يېتىشمەي قېلىپ، گازارما يېنىدىكى قەيس خوجامنىڭ گۈمبىزىنى بۇزۇپ خىشلىرىنى گازارمىغا ئىشلەتكەن. ھەسەن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ كۆزەتچى ئەمەلدارى ياڭ ماۋچۈن قەيسنىڭ جەسەت سۆڭىكىنى تاغ ئارىسىغا ئەكىرىپ كۆمۈپ قويغان، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 3 - ئايدا، قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلار سەي جيەنگو، سۇ يىچۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قەيسنىڭ جەسىتىنى يۆتكەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىش گومىنداڭ 29 - جىتۇەنجۇنىنىڭ سىلىڭى لى تيېجۈن، قۇمۇل ۋالىيسى زىياڭ يۈڭپۇ ۋە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى سەي رۇزۇ قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. سەي جيەنگو بىلەن

ماجۇنجيې ئىككىيلەن بۇ ئىشقا كونكرېت مەسئۇل بولۇپ، ئۈچ ئاي تەييارلىق كۆرۈلۈپ، ھازىرقى ئورۇن تاللاپ چىقىلغان (بۇ يەرنى ۋاڭنىڭ ئەۋلادلىرى ۋەخپە قىلىپ بەرگەن). 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شەھەر ئىچىدىكى نامان قازى ئاخۇنۇم ھەر ساھەدىكى مۆتىۋەرلەر ۋە ئاخۇنلاردىن بولۇپ 21 كىشىنى باشلاپ ماشىنا بىلەن شىڭشىڭشياغا بېرىپ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جەسەتنى قېزىۋالغان. جەسەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئالتە چىدىن ئاشىدىكەن ۋە كۆكرەك قىسمىنىڭ قوۋۇرغىلىرىدىكى ئەت شۇ پېتى ئۇستىخىنىغا يېپىشىپ تۇرغان، ئاپئاق ساقىلىمۇ ئۆز پېتى تۇرغانىكەن. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە، ماشىنا شەھەرگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان ساقىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەرگە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم توپلىنىپ بولغان؛ ئاقيەرگە يېقىن كەلگەندە، تېخىمۇ قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىپ مېڭىشقا ئامال بولمىغان، ئاقيەر ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپ قىلىشى ئۈچۈن، تاۋۇت سېلىنغان ماشىنا ئاقيەر مەسچىتىنىڭ ئىچىدە توختىتىلغان. كەچ كىرگەندە، قەيسىنىڭ جەسىتى شەنشى مەسچىتىگە ئەكىرىلىپ نامىزى چۈشۈرۈلگەن، مەسچىتنىڭ ئىچى ئادەمگە لىق تولغان. 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جەسەت سۈجۈ مەسچىتىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قۇمۇل شەھىرىدە داغدۇغىلىق تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن. لى تيېجۇن سىلىڭ تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن ناماز چۈشۈرۈلگەن، ئاندىن جەسەت سۆڭىكى سېلىنغان تاۋۇتنى بىرنەچچە چوڭ ئاخۇن كۆتۈرۈپ مەسچىتتىن ئېلىپ چىققان. تاۋۇتقا كەشتىلىك يېشىل يوپۇق يېپىلغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىمخاب سەللە

قويۇلغان. جامائەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا تەزىيەنامىلەرنى كۆتۈرگەن كىشىلەر ماڭغان، ئۇلارنىڭ كەينىدىن 30 دانە قۇرئان ھەم راۋاق (ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ قۇرئان بار) ئارتىلغان تۆت ئاق بوز ئات ماڭغان، ئۇنىڭ كەينىدىن تاۋۇت ئېلىپ مېڭىلغان. شۇ كۈنى سىم - سىم يامغۇر ياغقان. خوتەن، ئۈرۈمچى ۋە تاغلىق رايونلاردىن ئۇلگۇرۇپ كەلگەن قازاقلاردىن تەشكىل تاپقان 10 مىڭدىن ئارتۇق جامائەت سۈجۈ مەسچىتىدىن چىقىپ دىشىبىڭ كوچىسى ۋە جېنفەن كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە سۇ قوۋۇق بىلەن كىرىپ، ئۇوردا قوۋۇقىدىن چىقىپ شىمال تەرەپتىكى قەبرىستانلىققا يېتىپ بارغان، بازاردىكى ئۇيغۇر، خوتەن سودىگەرلەر كوچىلارغا ئاق پالاكات ئېسىپ قارلىق تۇتۇشقان. خەنزۇ سودىگەرلەرمۇ كوچا بويلىرىغا كۆجە يېقىپ تەزىيە بىلدۈرگەن. شۇنداق قىلىپ قەيس خوجامنىڭ جەسىتى ھازىرقى چاھارباغقا دەپنە قىلىنىپ، بۇ يەر «قەيس خوجام مازىرى» دەپ ئاتالغان. قەيس خوجامنىڭ قەبرىگاھى گۈمبەز تۈرۈسلۇق بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدۇ. ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. قەبرىگاھنىڭ ئاستى تەرىپى چاسا، ئۈستى يۇمىلاق قۇببە شەكلىدە بولۇپ، يېشىل رەڭلىك كاھىش چاپلانغان. گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا پېشايۋان بار، مازارنىڭ چۆرىسى سوقما تام بىلەن قاشالانغان. تام ئىچىدە ھەر خىل دەل - دەرەخلەر بولۇپ، تۆت ئەتراپى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان. قەيس خوجام مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى بىناكارلىق ئۇستىسى ئابدۇللاباقى سوپا ھاجى لايىھىلەپ پۈتتۈرگەن. مازارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئىككى مودىن جىقراق كېلىدۇ. بۇ مازار «ۋىلايەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.



# تۇغلۇق مازار

تۇغلۇق مازار قۇمۇل كونىشەھەر ئىچى يېزا ۋاڭ ئوردىسى ئالدىدىكى «خوجام بېغى» دېگەن يەرگە جايلاشقان بولۇپ، سۇلتان سەئىد ئەھمەد بەلىخ ئاتا دېگەن زاتنىڭ قەبرىگاھى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ مازار سۇلتان سەئىد مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، سۇلتان سەئىد ئەھمەد بەلىخ ئاتا دېگەن بۇ زات قولىدا تۇغ كۆتۈرۈپ، قۇمۇل تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنى تارقاتقانىكەن، كىشىلەر ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھازىرقى قەبرىگاھىنى ياسىتىپ تۇغىنى قەبرىسىگە قاداپ قويغان ۋە ئۇنىڭ مازىرىنى «تۇغلۇق مازار» دەپ ئاتىغانىكەن. تۇغلۇق مازاردىكى ئابىدىگە پۈتۈلگەن

بىغشلىمىنىڭ مەزمۇندىن قارىغاندا، بۇ مازار ھىجرىيە 1113 – يىلى (مىلادىيە 1751—1702 – يىللىرى) بىنا قىلىنغان، ھىجرىيە 1265 – يىلى (مىلادىيە 1751 — 1752 – يىللىرى) بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان.

مازارنىڭ ھازىرقى قۇرۇلۇشلىرى ھىجرىيە 1345 – يىلى (مىلادىيە 1926—1927– يىللىرى) قايتا ياسالغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن.

تۇغلۇق مازىرى سەئىد ئەھمەد بەلىخ ئاتىسىنىڭ قەبرىگاھى، مەسچىت، ئىتىكاپخانا، دەرۋازا – مۇنار قاتارلىق بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلاردىن تەشكىل تاپقان.

سەئىد ئەھمەد بەلىخ ئاتىسىنىڭ قەبرىگاھى ئەسلىدە ياغاچ تۈۋرۈك ۋە لىملار بىلەن تۆز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان، كېيىن خىش قۇرۇلما، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياسالغان.

مەسچىت ئىچكىرىكى، تاشقىرىقى مەسچىت ۋە قىشلىق مەسچىت دەپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، ئىچكىرىكى مەسچىت بىلەن قىشلىق مەسچىت ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تۆز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان، تورۇسقا رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان، تاشقىرىقى مەسچىت ئۈچبۇلۇڭلۇق لىملار بىلەن يانتۇ تورۇسلۇق قىلىپ سېلىنغان. پەشتاق مۇنارىسىنىڭ ئاستى تۆت چاسا، ئۈستى يۇمىلاق ياسالغان بولۇپ، مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 13 مېتىردىن ئاشىدۇ.

مازارنىڭ چوڭ دەرۋازىسى، قەبرىگاھنىڭ ئىشىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا كەڭ قوللىنىلغان ئۇسلۇبتا ياسالغان. ئىشىك بېشىدىكى ئويما نەقىشلەر ۋە ياغاچ پەنجىرىلىرى مىللىي ئۇسلۇبتا نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىدۇ.



# قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى

قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى قۇمۇل كونا شەھەرنىڭ غەربىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «ئالتۇنلۇق» كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، 6 قەبرىگاھ (ئىسھاق ۋاڭ مۇنارى، تەيجىلەر مۇنارى، بېشىر ۋاڭ گۈمبىزى، شامەخسۇت مۇنارى، يۇسۇپ تەيجى مۇنارى، چوڭ مۇنار قاتارلىق ئالتە قورۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ)، بىر ھېيتگاھ جامەسى (مەسچىت)، 10 نەچچە ئېغىزلىق ھۇجرا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىمارەتلەردىن تەشكىل تاپقان. مازارنىڭ دائىرىسىنىڭ شىمالى 176 مېتىر، غەربى 77 مېتىر، جەنۇبى 120 مېتىر، شەرقى 130 مېتىر بولۇپ، ئومۇمى كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ قەبرىستانلىق 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ بەرپا قىلىنىپ، ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلگەن. بۇ يەرگە

ئالدىنقى ئالتە ۋاڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنغان. مۇھەممەد بېشىر ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن چىنە خىش بىلەن ئىنتايىن ھەيۋەتلىك گۈمبەز ۋە راۋاقلارنى ياساتقان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاڭ، تەيجىلەرمۇ جامە ئەتراپىغا گۈمبەز بىنا قىلغان. ئۇلار ئىچىدە بېشىر ۋاڭ، شامەخسۇت قاتارلىقلارنىڭ قەبرىگاھلىرى ساقلىنىپ قالغان، قالغانلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بۇزۇۋېتىلگەن. بېشىر ۋاڭ قەبرىگاھى خىش قۇرۇلمىلىق بولۇپ، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. تۆت بۇرجىكىگە يۇملاق مۇنار چىقىرىلغان، گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش ئورنىتىلغان، قەبرىگاھنىڭ سىرتى سۇس يېشىل ۋە كۆك نەقىش چۈشۈرۈلگەن كاھىش بىلەن، ئىچى كۆك رەڭلىك سىزما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن. قەبرىگاھقا بېشىر ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ خانىشى مېھرىبانۇ، غۇلام مۇھەممەد ۋاڭ ۋە ۋاڭ جەمەتلىرىدىن جەمئىي 40 كىشى دەپنە قىلىنغان. بۇ قەبرىگاھ 1838 - يىلى ياسىلىشقا باشلاپ، 1845 - يىلى پۈتكەن. بۇ قەبرىگاھ «چىنە گۈمبەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شامەخسۇت ۋاڭ قەبرىگاھى تەكشى يۈزى چاسا شەكىللىك بولۇپ، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتتۇر. ئۇنىڭ ئىچى گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسىلىپ، كۆك رەڭلىك سىزما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن. تۆت تەرىپىگە ياغاچ پەنجىرىلىك قوش دېرىزە ئورنىتىلغان. سىرتىغا ياغاچ تۈۋرۈك، لىملار بىلەن ئۈچ قەۋەت لەمپە چىقىرىلغان، لەمپىنىڭ ئاستىنقى ئىككى قەۋىتى تۆت بۇرجەكلىك، ئۈستۈنكى بىر قەۋىتى سەككىز بۇرجەكلىك ياسالغان. شامەخسۇت قەبرىگاھى 1881— 1928 - يىللىرى ياسالغان. بۇ «يېڭى مۇنار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە

تەيجىلەر قەبرىگاھلىقىمۇ بار، بۇ «تەيجىلەر مۇنارى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ دەسلەپكى گەۋدە قۇرۇلۇشىنى ھىجرىيە 1087- يىلى (مىلادىيە 1676 - يىلى) بىرىنچى ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا (1668— 1709) ئىلگىرىكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا، يەنى ئالتۇنلۇققا ياساتقانىدى. دېمەك، ھازىرقى مەسچىت 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياسىلىپ، شامەخسۇت دەۋرىدە كېڭەيتىلگەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخى نىسبەتەن بۇرۇنراق بولۇپ، جامەنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشىنى مۇھەممەد شاھ غازىبەگ (مۇھەممەد شاخوجا مىلادىيە 1605 — 1668 - يىللىرى) نىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ (مىلادىيە 1668 — 1710 - يىللىرى) بىنا قىلدۇرغان. ئىمىن گۇڭنىڭ ئوغلى يۈسۈپ ۋاڭ دەۋرى (مىلادىيە 1737 — 1766 - يىللىرى) گە كەلگەندە، بۇ جامەگە ئۇلاپلا يەنە شۇ كۆلەمدە بىر جامەنى بىنا قىلدۇرغان، ئەردىشىر ۋاڭ دەۋرى (مىلادىيە 1780 — 1813 - يىللىرى) گە كەلگەندە، يەنە بىر باسقۇچلۇق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىغان. شۇنىڭ بىلەن ھېيتگاھ جامەسى ئىچكىرىكى، تاشقىرىقى ئىككى بۆلۈنمىلىك بىر جامەگە ئۆزگەرتىلگەن. بېشىر ۋاڭ دەۋرى (1782 — 1820) گە كەلگەندە، جامەنىڭ كېيىنكى قىسمى تاماملانغان. شامەخسۇت دەۋرىدە جامە بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرۇلغان.

دېمەك، ھېيتگاھ جامەسى ئۈچ قېتىمدا بىنا قىلىنغان. جامەنىڭ 1- بۆلىكى بىلەن 2 - بۆلىكىنى ۋە 2 - بۆلىكى بىلەن 3 - بۆلىكىنى ئايرىپ تۇرغان ئىككى تام بولۇپ، بۇ تاملار 1920 - يىلغىچە ساقلانغان. شامەخسۇت دەۋرىنىڭ كېيىنكى ۋاقتىدا ئوتتۇرىدىكى تاملار ئېلىپ تاشلىنىپ،

ھازىرقى چوڭ ھېيتگاھ جامەسىگە ئايلانغان. جامەنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىچىگە 4000 ئادەم، سەيناسىغا ئۇنىڭدىنمۇ جىق ئادەم سىغىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسى ئاساسەن ياغاچ، خام كېسەك ۋە خىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان. تەكشى يۈزى ئۇزۇن چاسا شەكىللىك بولغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق بۇ مەسچىت، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 54 مېتىر، كەڭلىكى 36 مېتىر، ئېگىزلىكى بەتتە مېتىر كېلىدۇ. جامەنىڭ نەقىشلىك 111 تال ياغاچ تۈۋرۈكى بار. تۈۋرۈكلىرىگە نەقىش ئويۇلغان ۋە شەرپە چىقىرىلغان، تورۇسى پۈتۈنلەي ياغاچ تاختاي بىلەن يېپىلغان. تورۇسقا ئۈچ تۈڭلۈك ئېچىلغان، تۈڭلۈك ئەتراپىغا گۈللۈك پەنجىرە ئورنىتىلغان. تورۇس ۋە تاملىرىغا رەڭلىك نەقىش ۋە گۈللەر سىزىلغان ۋە ھۆسنىخەت بىلەن ئايەت، ھەدىس ۋە دىنىي نەسىھەتنامىلەر پۈتۈلگەن بولۇپ، جامەنى تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزگەن. بۇ جامە يەنە 1982 — 1983 - يىللىرى قايتا رېمونت قىلىنغان.

مازاردىكى بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلار ياسىلىش ئۇسلۇبى، قۇرۇلمىسى، ھۈنەر- سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك مىللىي پۇراققا ئىگە.





ئۇيغۇر مازارلىرىدىكى مەسچىت كۆرۈنۈشى

# يالغۇز تۇيۇم مازىرى

يالغۇز تۇيۇم مازىرى نۇرئاخۇن گۇمبىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مازار قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلىق يېزىسىنىڭ شەرقىغە توغرا كېلىدىغان يالغۇز تۇيۇمدىكى بىر تاغنىڭ ئۇستىگە جايلاشقان. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، مىلادىيە 1592 - يىلى نۇرئاخۇن ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان چىڭخەينىڭ شىنىڭ دېگەن يېرىدىن ئەرەبىستانغا ئوقۇشقا بارغان، بەش يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن، ئاندىن دىن تارقىتىش ئۈچۈن 80 نەچچە پەيدائىينى باشلاپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەن. چازىنى ساقلاپ ياتقان موڭغۇل ئەسكەرلىرى كۈچلۈك بولغاچقا، نۇرئاخۇنلارنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەي، شىمال

تەرەپىنى ئەگىشىپ، تاشۋېلىقنىڭ خوتۇنىستام دېگەن يېرىگە كېلىپ، شۇ يەر ئارقىلىق قۇمۇلغا كىرمەكچى بولغان. ئۇلار خوتۇنىستامغا يېتىپ كېلىشىگە شۇ جاينى ساقلاۋاتقان موڭغۇل ئەسكەرلىرى تۇيۇپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن سوقۇشقان. سوقۇشتا نۇرئاخۇنلار كەينى ــ كەينىدىن چېكىنىپ يالغۇز تۇيۇمغا كەلگەندە، يا ئوقى تېگىپ نۇرئاخۇن شېھىت بولغان، جەسىتى شۇ يەردە ئاددىيلا كۆمۈپ قويۇلغان. ئارىدىن 200 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بېشىر ۋاڭ (مىلادىيە 1813ــ يىلدىن 1866 ــ يىلغىچە ۋاڭ بولغان) ئادەم ئەۋەتىپ، نۇرئاخۇننىڭ جەسەت سۆڭىكىنى تاپقۇزۇپ، ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر گۈمبەز ياساتقان. تاغقا چىقىدىغان يول تىك، قاتناش قۇلايسىز بولغاچقا، ئۇلار گۈمبەز ياساشقا لازىملىق خىش، كېسەكنى قوينىڭ ئۈستىگە ئارتىپ تاغقا ئېلىپ چىققان. گۈمبەز كۆك خىش ۋە كېسەك بىلەن ئاستى تەرىپى چاسا قىلىپ ياسالغان. گۈمبەزنىڭ چۆرىسىدە قاشا تام بار. گۈمبەز ئالدىغا ئورنىتىلغان ئابىدە تاشقا ئەرەب يېزىقىدا: «مۇھەممەد ئەلەيھىسساللامنىڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادى، بۇ ئالەمدە ئۇلۇغ ئىسلامىيەت ئورنىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان نۇرئاخۇنغا سالام!» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان. بۇ ئابىدە تاش كېيىن يوقالغان. يالغۇز تۇيۇم مازىرى ئىككى گۈمبەز ۋە مەيداندىن تەركىب تاپقان. ئىككى گۈمبەزنىڭ ئارىلىقى 11 مېتىر، ئېگىزلىكى 4 مېتىر كېلىدۇ. غەربىدىكى گۈمبەزنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە ئۇزۇنلۇقى 6.5 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبىغىچە ئۇزۇنلۇقى 6.55 مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە ھىلال ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن. گۈمبەزنىڭ شىمالي ۋە جەنۇبي تاملىرىدا ياغاچتىن تۆت چاسا قىلىپ قوراشتۇرۇلغان ئىككى پەنجىرە بار. نۇرئاخۇننىڭ مەقبەرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر،

كەڭلىكى 2.9 مېتىر، شەرقىدىكى گۈمبەزنىڭ شەرق تەرىپى بىلەن غەرب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.8 مېتىر، شىمال تەرىپى بىلەن جەنۇب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.6 مېتىر بولۇپ، ياسىلىش ئۇسلۇبى غەربىي گۈمبەز بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىدىكى مەقبەرە كىچىك. گۈمبەزلەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا قاشا ياساپ، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر مەيدان (هويلا) هاسىل قىلىنغان. مەيدان دەرۋازىسى شىمال تەرەپكە قاراپ ئېچىلىدۇ. مەيداندا خىش، كېسەكلەر بىلەن قىلىنغان قىسمەن قۇرۇلۇش ئىزلىرىنى هېلىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مازارنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ قاپتاللىرىدا كاهىش، نەقىشلىك خىش قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئۇچرايدۇ. بۇلار مازارنىڭ ئەينى زامانىدىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە بىنا قىلىنىش سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ مازارغا هەر يىلى هېيت ــ ئايەم بېتىپ كەلگەندە، تاشۋېلىقتىكى مۇسۇلمانلار ئۇلاغلىق ياكى هارۋىلىق كېلىپ دۇئا ــ تىلاۋەت قىلىدۇ. 1984 ــ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى بۇ مازارنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىپ چىقتى.





# تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى كونا قورغاس ناھىيە بازىرى (هازىرقى يېزا ئىگىلىك 4 - دىۋىزىيە، 16 - تۇەن مەيدانى) دىن 15 كىلومېتىر، قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ مازار مەھەللىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان چىڭگىزخاننىڭ 7 - ئەۋلاد ئەۋرىسى، موغۇلىستان خانلىقىنىڭ 1 - ئەۋلاد خانى بولۇپ، ھىجرىيە 730 - يىلى (مىلادىيە 1329 - يىلى) هازىرقى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئېرەن قابىرغا دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ 18 يېشىدا (بەزى مەنبەلەردە 24 يېشىدا) مەۋلانە ئەرشىددىن ۋەلىيۇللانىڭ دالالىتى بىلەن ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. ئۇ تەختتىكى مەزگىلدە (مىلادىيە 1347 — 1363 - يىللىرى) ئىسلام

دىنىنى خانلىق تەۋەسىدە كېڭەيتىش جەھەتتە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن 1352 ـ يىلى 160 مىڭ موڭغۇل مۇسۇلمان بولغان، شۇڭا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ قوۋمى ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد ۋە تىل ـ يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان موغۇل خانلىقىدىكى خانلار ئىچىدە ئەڭ قابىلىيەتلىك خان. ئۇ ئىسلام قائىدىلىرى بىلەن يەرلىك ئەھۋاللارنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇكەممەل قانۇن تۈزگەن. سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىقلارنى باشقۇرىدىغان ئەمىر ـ بەگلەرنى تەيىنلەپ، مۇكەممەل ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ دۆلەت باشقۇرغان.

تۇغلۇق تۆمۈرخان 1363 ـ يىلى خانلىقىنىڭ ئاستانىسى ئالمالىق شەھرىدە ۋاپات بولغان، جەسىتى ئالمالىق شەھرى ئەتراپىغا دەپنە قىلىنغان.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك گۈمبەز چىقىرىپ ياسالغان، مازارنىڭ ئېگىزلىكى 13.36 مېتىر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 10.7 مېتىر، ئاستىنىڭ ئايلانمىسى 67 مېتىر كېلىدۇ. مازار ئالدى تەكشى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا، خىش قۇرۇلمىلىق، ئوتتۇرىسى گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. تام ئارىلىقىغا ئۇستىگە چىقىدىغان پەلەمپەي ۋە ئايلىنىپ ئۆتىدىغان قەۋەتلىك كارىدور چىقىرىلغان. مازارنىڭ ئالدى تەرىپى 20 نەچچە خىل نۇسخىدىكى گېئومېتىرىيىلىك نەقىش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ھەربىر

كاھىش ئۆلچەملىك، نەپىس ۋە رەڭدار بولۇپ، بىر ــ بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ رەت ــ رەتى بىلەن ھەم، مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازار ئالدىدىكى ئەگمىنىڭ ئۈستىگە بىر قۇر ئايلاندۇرۇپ ئايەت پۈتۈلگەن كاھىش ۋە ئىككى تەرىپىگە تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مەدھىيىلەيدىغان بېغىشلىما پۈتۈلگەن كاھىش قويۇلغان، ئۇنىڭغا ئەرەبچە: «ئۇلۇغ پادىشاھىم! سىز ئۇلۇغۋار ئىشقا ئىلتىپاتىڭ دېگىنىزدۇرسىز، ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسىدۇرسىز، ۋەلىي غالىب، ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇرسىز، ئاللانىڭ ئالىي كالامى (قۇرئان)غا سادىق بەندىسىدۇرسىز، ئىسلام دىنىنىڭ شان ــ شەرىپى ۋە ئىپتىخارىدۇرسىز.»

«پادىشاھىمىزنىڭ خانىكىسى بەيتفالىخە (خانىكە)گە بېغىشلايمىز : «گۇناھكارلىرىڭىزنى كەچۈرگەيسىز، دەۋرىمىزنىڭ خانىكىسى، زامانىمىزنىڭ بىلقىسى، ئەقىل ــ پاراسەتلىك، دىيانەتلىك، دۇنيادا ئايالالار ئىچىدە تەڭدىشى يوق ــ بەيتفالىخە خاتۇنىنىڭ شانۇشەۋكىتى مەڭگۈ ساقلانغاي، ئۆمرى چەكسىز ئۇزۇن بولغاي، مەغرىپتىن ــ مەشرىققىچە ئەبەدىيلئەبەد ياشىغاي!...» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان.

مازارنىڭ ئىشىكى ئۈستىدىكى كىچىك دېرىزىنىڭ ئەتراپىغا «الله» (ئەللاھ) خېتى چۈشۈرۈلگەن كاھىش ئورنىتىلغان. ئومۇمەن، مازار قۇرۇلۇشىغا بىر تالمۇ لىم ياكى تۈۋرۈك ئىشلىتىلمىگەن، مازارغا خۇمدانىدا پىشۇرۇلغان بىنەپشە، ئاق، كۆك، بېشىل رەڭلىك كاھىشلار ئىشلىتىلگەن ۋە 12 خىل شەكىلدىكى سىپتا گۈل شەكلى چىقىرىلغان. قەبرە ئۆيىگە كىرىدىغان تۆت تەرەپتىكى ئىشكلەر ئارقىلىق، پەلەمپەي بىلەن 2 ــ قەۋەتكە ۋە مازار ئۈستىدىكى ئوچۇق سۇپىغا چىققىلى بولىدۇ. مازارنىڭ چوڭ

ئىشىكى شەرققە قارايدۇ، ئىشىكنىڭ كەڭلىكى 4 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.1 مېتىر كېلىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 150 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ مازارنىڭ بىنا قىلىنغىنىغا 600 يىلدىن ئاشقان. تۇغلۇق تۆمۈرخان قەبرىگاھىنىڭ يېنىدا كىچىكرەك بىر قەبرە بار. ئېيتىلىشىچە، بۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سىڭلىسىنىڭ قەبرىگاھى ئىكەن، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ئوڭ يېنىدا يانداش سېلىنغان يەنە بىر گۈمبەزلىك ھەشەمەتلىك قەبرە بار، بۇ بەلكىم بەيتفالىخە خاتۇن (خانىكە)نىڭ مازىرى بولۇشى مۇمكىن.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى تۈسىنى ئالغان قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى، جۈملىدىن ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى 1957 - يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن.

بۇ مازارغا مۇسۇلمانلار ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن ئالىملار، سەيياھلار تاۋاپقا، سەيلە - ساياھەتكە كېلىپ تۇرىدۇ.



# سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى

سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى غۇلجا ناھىيىسى بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 36 كىلومېتىر كېلىدىغان سۇلتان ئۇۋەيسخان مازار يېزىسىنىڭ شەيخ مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، مازارلىق ئىگىلىگەن يەر 100 موچە كېلىدۇ، ئەتراپى ئىنتايىن مەنزىرىلىك.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، سۇلتان ئۇۋەيسخان خىزىر خوجىنىڭ نەۋرىسى. مىلادىيە 1418 - يىلى ئۆزىنى «ئىلىبالىق» خانلىقىنىڭ سۇلتانى دەپ جاكارلىغان. سۇلتان ئۇۋەيسخان سەلتەنىتى دەۋرى (مىلادىيە 1417—1428) دە، ئۇيراتلار غەربكە قاراپ كېڭىيىپ، موغۇلىستان

خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغىچە يېتىپ كەلگەن. خانلىقنىڭ مەركىزى ئىلى ۋادىسىغا يۆتكەلگەن. ئۇۋەيسخان ئاستانىسىنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ، ئاستانىسى بىلەن خانلىق نامىنى «ئىلىبالىق»قا ئۆزگەرتكەن. ئىلىبالىق شەھىرىنىڭ خارابىسى ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسى تۇرپانيۈزى يېزىسىغا توغرا كېلىدۇ.

سۇلتان ئۇۋەيسخان تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇ 1428 - يىلى (بەزى مەنبەلەردە 1432 - يىلى دېيىلىدۇ) ئىسسىقكۆل بويىدىكى ساتۇق خان بىلەن بولغان جەڭدە قازاغا ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن جەسىتى ئابىرال تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بوربوسۇن غولىنىڭ بويى (ئاقچىغ غولىنىڭ ئېغىزى)غا دەپنە قىلىنغان.

سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرىنىڭ قاچان بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مازار يېزىسىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى تۇردى قارى موللا ئابدۇلھېلىم (1851 — 1982) نىڭ «ۋەيسىل قىران مازارىنىڭ تارىخلارى» ناملىق شېئىرىدا، مازارنىڭ قۇرۇلۇشى ھىجرىيە 1294 - يىلى (چاشقان يىلى) شۇ زامانىنىڭ ئۇلىما زاتلىرىدىن قەمەرىددىن خەلپەم بىلەن ۋەلىباي يولداشۇۋلار تەرىپىدىن سېلىنغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، مازار 1876 - يىلى قايتا ياسالغانلىقى مەلۇم. مازار ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ، 1 - ، 2 - ، 3 - قەۋەتلىرى چاسا شەكىلدە ياسالغان، دېرىزىلىرىگە دۈگىلەك شەكىلدە نەقىشلەر بېرىلگەن. 1 - قەۋىتىنىڭ لەمپىلىرىنى 20 تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، 2 - ، 3 - قەۋەتلىرىنىڭ لەمپىسى تۆت قىرلىق ياغاچتىن ياسالغان. لەمپە ئۈستىگە كاھىش قويۇلغان، مازارنىڭ تۆپىسى ئالتە بۇرجەكلىك پەشتاق بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسىغا ھىلال ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن.

مازارنىڭ غەربىي تەرىپىدە مەسچىت بار. سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن بولۇپ، 1991 – يىلى رېمونت قىلىنىپ ھازىرقى تۇسكە كىرگۈزۈلگەن. بۇ مازار ئىلىدىكى تۆت چوڭ مازارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنتايىن كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك. بۇ يەر شۇڭا، مازار ئىنتايىن كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ مۇھىم سەيلە – ساياھەت ئورنى بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايىدۇر.





ئۇيغۇر مازارلىرىدىكى خانىقا كۆرۈنۈشى

# خونخاي مازىرى

خونخاي مازىرى (خونقاي مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان خونخاي غولىنىڭ ئىچكىرىسىگە، يەنى جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرىسىغا يېقىن ئېگىز دۆڭلۈككە جايلاشقان.

خونخاي مازىرى چاغاتاي خانلىقى خانىنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە ۋەزىرى، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكى (مىلادىيە 1160 — 1229)غا بېغىشلاپ ياسالغان. خونخاي مازىرىدىكى قەبرىگاھنىڭ ئىگىسى توغرىسىدا ھازىر ئىككى خىل قاراش بار: بىرى، يۈسۈپ سەككاكىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەبۇ ياقۇپ ئاقىبەك سەككاكى (1393 — 1449)نىڭ قەبرىگاھى دېيىلگەن قاراش؛ ئىككىنچىسى، يۈسۈپ سەككاكىنىڭ قەبرىگاھى دېگەن قاراش.

خونخاي مازىرى ھەققىدە تارىخچى ئەبۇلغازى باھادۇرخان (مىلادىيە 1606 — 1664)نىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرى ۋە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (مىلادىيە 1499 — 1551) نىڭ «تارىخىي رەشىدى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئالاھىدە توختالغان. مىرزا مۇھەممەد

ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن مەشھۇر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ «مىفتاھىل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرى ئەينى زاماندا ئىنتايىن مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى چاغاتاي ( مىلادىيە 1227 — 1242 يىللىرى تەختتە)، مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكىنىڭ بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئالمالىققا چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ بېكىتكەن. بۇ ئىش ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىغان. ئەبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، موللا سەككاكى دېگەن زات چاغاتاينىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى، چاغاتاي خاننىڭ بىر ۋەزىرى سەككاكىغا دۈشمەن ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ۋاقىت تېپىپ سەككاكىنى خانغا يامان كۆرسىتىپ زىندانغا سولاتتى. ئۇ زىنداندا ۋاپات بولغان.

تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خونخاي مازىرى مىلادىيە1821— 1850 - يىللىرى ئارىلىقىدا قايتا ياسالغان. مىلادىيە 1911- يىلى ياركەنتلىك ۋەلىباي، ئىلىملىق مەنسۇر ئەھلەم قاتارلىق كىشىلەر مەبلەغ توپلاپ، بىر خەنزۇ ئۇستىنى تەكلىپ قىلىپ، ھازىرقى پىششىق خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق مازارنى ياساتقان، مازارلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر، مەقبەرىنىڭ كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر، ئەتراپىدىكى قاشا تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى 0.71 مېتىر كېلىدۇ.

خونخاي مازىرى ئىلى تەۋەسىدىكى تۆت چوڭ مازارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە يۈكسەك ئىناۋەتكە

ئىگــــە، چۈنكـــى، ســـەككاكى ئۇيغــۇر كلاسســــىك ئـــەدەبىياتى تـــەرەققىياتىغا ئۆچمـــەس تۆھپـــە قوشـــقان ئـــەدىب ۋە شـــائىرلارنىڭ بىرى.

ھازىــرقى مـــازارنىڭ شـــەكلى ئۈســـتى گـــۈمبەز قۇرۇلمـــىلىق، تامـــلىرى چاســـا شـــەكلىدە بولـــۇپ، گـــۈمبەز ئۈســـتىدىكى تۇرلۇك رەڭـــلىك كاھىشـــلار رەڭگـــى ۋە شـــەكلىنى يوقاتمىغـــان، مـــازارنىڭ ئىشـــىكى جـــەنۇبقا قـــارايدۇ. مـــازار ئىچىدىكى مـــىنىڭ تـــۆت ئەتراپـــىغا ئاسراش يۈزىسىدىن لىم ۋە تۈۋرۈكلەر قويۇلغان.

ئىـــلىندا ئۆتكـــەن شـــائىر نەســـۆھا دامولـــلا 1918 ـ يىـــلىدىن 1928 ـ يىـــلىغىچە خونخـــاي مازىـــرىدا تـــۇرۇپ ئىـــلىم تەھســـىل قىـــلغان، بـــالا ئوقۇتقـــان، بـــۇ مـــازارنى زىيـــارەت قىـــلغاندا مۇنـــداق بىر نەزمە يازغان:

خونخاي مازارىغا مەن زار ئىدىم،
كىم زىيارەت ئەيلىسە، مەن يار ئىدىم.
يۇسۇپ سەككاكى قىزىل گۈل بولسا،
مەن (گوياكى) بۇلبۇلى شەيدا ئىدىم.
مىڭ ئۆچيۈز قىرىق سىنە بولدى نىيسىپ،
تالىبان بىرلە كېلىپ مەن بىمار ئىدىم.

خونخـــاي مازىـــرى ئاپـــتونوم رايـــون دەرىجىـــلىك نۇقتىـــلىق مۇھاپـــىزەت قىلىـــنىدىغان مەدەنىيـــەت يادىكـــارلىق ئـــورنى ھېســـابلىنىدۇ. كىشـــىلەر يىـــراق ـ يېقىـــندىن پـــات ـ پـــات زىيارەتكە كېلىپ تۇرىدۇ. مـــازارنىڭ تـــۆۋەن تەرىپـــىدە بـــۇلاق بـــار بولـــۇپ، كىشـــىلەر بـــۇلاق ســـۈيىنى كېسەلگـــە شىپـــالىق دەپ قـــاراپ مـــازارنى زىيـــارەت قىلغىـــلى كېلىپ قايتىشـــىدا ئىدىـــش ـ قاچىلارغـــا ئېلىـــپ كېتىشـــىدۇ. بـــۇ جـــاي يىـــراق ـ يېقىـــندىن كېلىـــدىغان مـــېھمانلارنىڭ زىيارەتگـــاھى ۋە ســـەيلە ـ ساياھەتگاھى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



ئۇيغۇر مازارلىرىدىن كۆرۈنۈش

# خوجام پىرىم قەدىمىي قەبرىگاھلىقى

خوجام پىرىم (ئەۋلىيا) قەدىمىي قەبرىگاھلىقى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بوستان چارۋىچىلىق مەيدانىغا تەۋە تاغ ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ يەردە ئىككى قەدىمىي قەبرە بار بولۇپ، ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، بۇ قەبرىلەر خوجام ئاتلىق ئاكا ـ سىڭىل ئىككى زاتنىڭ قەبرىسى ئىكەن. بۇ ئىككى قەدىمىي قەبرىنىڭ ئارىلىقى 100 مېتىرچە كېلىدۇ. بۇ يەردە كېسەك ـ باغاچ قۇرۇلمىلىق ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بار. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان مۇسۇلمانلار بۇ قەبرىلەرنى تاۋاپ قىلىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ كەلگەن ھەمدە ئادەم قويۇپ ساقلاپ كەلگەن. قەبرىگاھنىڭ يېنىدا بىر سۈزۈك بۇلاق بولۇپ، بۇنى كىشىلەر ئەۋلىيا بۇلىقى دەپ ئاتايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ بۇلاق سۈيى ھەرقانداق كېسەلگە شىپا، دەردكە داۋا بولارمىش.

بۇنىڭدىن باشقا، قەبرىگاھنىڭ ئەتراپىدىكى تاغنىڭ ئۈستىدە بەئەينى چوقچىيىپ ياتقان تۆگىگە ئوخشايدىغان بىر قورام تاش بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ قورام تاش ئاكا ـ سىڭىل خوجىلار دۈشمەن تەرىپىدىن قوغلىنىپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە تۆگىسى بىلەن تۆگە ئۈستىدىكى ئۈندىن ھاسىل بولغانمىش. بۇ يەردىكى ئاقتاشغول دەپ ئاتىلىدىغان جىرانىڭ ھەنىۋاسى تاغ قاپتىلىدىن تارتىپ تاغ چوققىسىغىچە ئاپئاق تاش بىلەن قاپلانغان. بۇ ئەتراپتىكى ئورمانزارلىق، بۇلاق سۈيى ۋە يايلاق بىر گەۋدە بولۇپ، ئاجايىپ يېقىملىق مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان. شۇڭا، ئۇ جاي كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان سەيلىگاھ ھېسابلىنىدۇ.



# ئۇيغۇر مازارلىرى

## ئاپتورى : راھىلە داۋۇت

*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قۇتۇبى ناھىيىلىك جۇڭگۇاڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850مم ، 1/32
باسما تاۋىقى : 9.125 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2001 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 3000—1
ISBN7—228—06259—0/K • 975
باھاسى : 14.00 يۈەن